# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى



2008

吐鲁番学研究

Turpanological Research

2

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

















دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى نۇربەكرى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىغا كېلىپ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2008-يىل 2-سان

**تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى**

(ئومۇمىي 18-سان)

**تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:**
ئىلھام ئوسمان

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى**
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

**باش مۇھەررىرى:**
ئابلىم قېيۇم

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى**
**ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئالىي مۇھەررىر**
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

**تەھرىرلىرى:**
ئابدۇكۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، گۈمەرجان ئابدۇقارى

## مۇندەرىجە

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر تەۋەررۈك قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئورتاق تۆھپە قوشايلى
— ئۇيغۇر قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش ھەققىدە ..........
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (1)

بېزەكلىك مىڭئۆي 32-غاردىكى «قەسەم» رەسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان
لىۋ يۈگۈىڭ (23)

بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ۋە تەسىرى ..........
ئەنۋەر مەتسەيدى (42)

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

قوچو ئېلىدىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى .......... ئابلەت ياسىن (58)

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرى توغرىسىدا ..........
داۋۇد يېسىيېۋ (63)

### يىپەك يولى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر

يىپەك يولىدىكى ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىسى ..........
ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (68)

كۇچاغا كەلگەن سەيياھلار ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ..........
ئەبەي ئىمىن ئېركىن (77)

### قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيتى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.......... تۇرنىسا روزى (83)

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش .......... ئادىل غاپپار كارىزى (99)

بارچۇق ئارت تېكىن .......... ئەخمەتجان ھاشىرى (118)

### يەر ناملىرى تەتقىقاتى

«سىركىپ» دېگەن يەر نامى ھەققىدە .......... راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (139)

«ئاردا يوق» دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ..........
مامۇت غازى (142)

### ئۇچۇر كۆزنىكى

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى (2000-يىلى 1-ساندىن 2008-يىلى 1-سانغىچە ئومۇمىي 17- سان) ..........
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، ئابلىم قېيۇم (144)

**مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە:**

مەملىكەتلىك مىللەتلەر كىشىلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭ (سولدىن 2 - كىشى)، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى نۇر بەكرى (ئوڭدىن 1 - كىشى) نىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (ئوتتۇرىدىكى كىشى) ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا

**مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە:**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر

# Turpanlogical Research

No 2 .2008

## Contents

Rescue Uighur inherital literature monuments and contribution to the carring forward of the fine Chinese cultural heritage
——*On the brief table of ancient Chinese Uighur content*
Arkin.Eminniyaz.Kutluk (1)

No. 32 Cave of Thousand-Buddha Grottoes outlined vows plans
Liu Yong Zeng (23)

The introduction and impact of Buddhist 《Jataka》 story scriptures in Uighur folk literature
Anwar.Matsaidi(42)

The bottom of group in Qoqo Uighur Khanate Ablat.Yasin (58)

On the military affairs of the Turpan Qoqo Uighur Khanate David.Yesiev (63)

On The Japanese expedition team on the Silk Road Abdubasir.Xukuri (68)

The expsditionists who came to Kucha Abai.Emin.Erkin (77)

On the Uygur language and traditional culture Turnisa.Rozi(83)

The idia of environmental protection in Uighur proverbs Adil.Happar.Karizi(99)

Barcuq Arteken Ahmatjan.Haxeri(118)

On the place name of Sirkip Rajih.Abdurexit.Ebrayim(139)

On the place name of Aridayok Mamut.Hazi(142)

The general content of Turpanological Research from the first phase in 2000 to the first phasein2008
Arkin.Eminniyaz.Kutluk,Ablim.Keyum(144)

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر تەۋەررۇك قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قوغداپ، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئورتاق تۆھپە قوشايلى

## ئۇيغۇر قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش ھەققىدە

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى، مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇرلار 9 مىليون 413 مىڭ 796 كىشى [1] بولۇپ، ئاساسلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئولتۇراقلاشقان، نوپۇسى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 43.63% ئىگىلەيدۇ [2]. ئۇنىڭدىن باشقا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىدىمۇ 10 مىڭ دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، پاكىستان، ئاففانىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە سىستېمىلىقلىقى، مىللىي خاسلىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. شۇڭلاشقا، رەئىس ماۋزېدۇڭ «ئۇيغۇلار ئۇزۇن تارىخي ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت، ئۇلارنىڭ مول تارىخي مەدەنىيىتى بولۇپ، ئىچكى جايلارغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ باھا بەرگەن [3]. ئۇيغۇرلار ياۋرۇ-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدە، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق تۈگۈنلىرىدە ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە مىللىي ئالاھىدىلىككە، چوڭقۇر تەسىرچانلىققا، كەڭ چېتىلىش دائىرىسىگە ئىگە بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرلەردىلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى، ئورقۇن

دەريا ۋادىسى، پامىر ئېگىزلىكى قارا-قۇرۇم تاغلىرى، كوئېنلون تېغى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرى، ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشاپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئۆزىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي تۇرمۇشىنى، مەدەنىيەت، سەنئىتىنى، ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنى، خېلى مۇكەممەل بولغان يازما يادىكارلىقلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمكى يازما خاتىرىلەر بولۇپ، يەنە بىر قىسمى ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنى تەشكىل قىلغان. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ھەرپلىك بەلگىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى خاتىرىلەپ كەلگەن، ئۇلار يېزىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شاھىدى بولغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە①. بۇ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى شەكىللىنىشىنىڭمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق شانلىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇرلار ئالاقە ئىستېمال ئېھتىياج ھالقىلىرىدا ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرخىل يېزىقلارنى قوللانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھما يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغد يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، كارۇشتى يېزىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى قاتارلىق 26 خىلدىن ئارتۇق يېزىقنى قوللانغانلىقىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قېزىش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان قەدىمكى يازما ھۆججەتلىرى، ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدىغان قەبرە تەزكىرىسى، مەڭگۈ تاش، بېغىشلىمىلار، ھەرخىل توقۇلما - ماتا، بۆز بۇيۇملىرىغا بېسىلغان، كەشتىلەنگەن يازما يادىكارلىق، خەت-چەكلەر، شۇنداقلا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلار تۇرپان، تەكلىماكان رايونلىرىدىن يوشۇرۇن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك يادىكارلىقلار ۋە قېپقالغان قالدۇق يازما يادىكارلىقلار ئۇنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنداقتا جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى دېگەن نېمە؟ جۇڭگودىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى دېگەندە، ئۇيغۇرلار يېزىق ئارقىلىق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە كوندىلىك تۇرمۇشىغا ئائىت ئىشلارنى پۈتۈكلەشتۈرۈپ تىزىگە، ياغاچقا، قەغەزگە، تاشقا، ھايۋانات سۆڭەكلىرىگە ھەرپ شەكلى بىلەن يېزىپ خاتىرىلىگەن

يېزىق شەكلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، كۆچۈشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئاغزاكى يادىكارلىقلار، قىممىتى بولغان قىسسە ـ قوشاق، ئەپسانە، رىۋايەت، تارىخىي قىسسە، داستان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا مەملىكىتىمىزدە مەتبە ئىشلىتىپ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەۋە ئويما تامغا مەتبەسىدە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرى، يازما يادىكارلىقلار ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيىدا ۋە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا. تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ياغاچ مەتبە ھەرپى، مەتبە سايمانلىرى، ئىشلىتىشكە كېسىپ تەييارلانغان چاسا ـ چاسا قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىغا جايلاشقان نۇرغۇن قەدىمىي خارابىلاردىن تېپىلغان مەتبەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر، قوللانما ۋە كىتابچە، ۋاراق قالدۇقلىرى بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەتبە تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە تارقالغان. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەتبەلىك ھەرپ ئارقىلىق مەزمۇنلارنى ياغاچقا ئويۇۋېلىپ ھەرخىل رەڭ ـ سىياھ ئارقىلىق قەغەزگە بېسىپ چىققان ياكى ھەرپلەرنى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەرپ تۈركۈملىرىنى تامغا قىلىپ ئويۇۋېلىپ، قايسىسى لازىم بولسا، شۇنى قول بىلەن قەغەزگە بېسىپ قوللانما ياكى كىتاب قىلىپ ئىشلەپ چىققان. دۇنخۇاڭ، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىدىن قارىغاندا، بۇ جايلاردىكى نوم ساقلاش غارلىرىدىن تېپىلغان ئۆز ئەينى بويىچە رەتلىك، سىپتە ساقلانغان بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت تۈرىگە ئائىت يادىكارلىقلاردا مەيلى بۇتخانا خارابىلىرىنى قازغاندا، ياكى بىر نەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن پارچە ـ پارچە قولىيازما قەغەز پارچىلىرىدا خاتىرىلىگەن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە بۇ دىنىي مەدەنىيەتكە دائىر يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە، ئۇيغۇر، تۈرك، سانسكرىت، خەنزۇ يېزىقىدا ۋە بەت نومۇرى خەنزۇچە، ھەرپى سۇرىيە يېزىقىدا، مەتبە بىلەن بېسىلغان ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن يازما ھۆججەتلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ[9]. ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى قاراخانىلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئۇ يەردىن ھالقىپ، بۇددا دىنى مەزھىپىدىكى قوچو ـ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا يېتىپ كېلىشى ۋە زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئومۇملىشىشى ئۇلاردىكى مەتبە باسمىچىلىقنى، مەدەنىيەت

ئاساسلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، ئىبادەتخانىلار چېقىلىپ، راھىبلار، بۇددىستلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇ خۇددى 11-ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەخمۇت كاشغەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە: كەلگۈنلەيۇ ئاقتىمىز، كەندلەر ئۇزە چىقتىمىز. فۇرخان ئەۋىن يىقتىمىز، بۇرخان ئۇزە سىچتىمىز (كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىنى يىقىتتۇق، بۇت ئۈستىگە چىچتۇق) دېگەندەك ئەھۋال بولۇپ، بۇددا مەزمۇنىدىكى كىتابلار يىرتىلىپ، چەيلىنىپ ئوتتا كۆيدۈرۈلدى. مەتبە ھەرپلىرى ۋە سايمانلىرى چېقىپ تاشلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمىي يەتكەنلىكى جايغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆزلىشىۋاتقان بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ رولى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك بولماي، بارا-بارا قوللىنىشتىن قالدى. مۇنداق شارائىتتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبەنى يەنە ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئۇيغۇرلار مەتبە ۋە نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغاندىن باشقا، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەتبە تېخنىكىسىنى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا مۇۋاپىقلاشتۇرالماي، بۇرۇنقىدەك كىتابنى قولدا كۆچۈرىدىغان قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» لەر قولدا كۆچۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلاردا كىتاب ئۆرۈش، كىتاب كۆچۈرۈش ۋە بېسىپ تارقىتىش مىلادىيە 5-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. مۇشۇ دەۋرلەردە تۇرپان ۋە خوتەندە قەغەز ياساش ئۇستىلىرى، ئىشخانىلىرى، مەتبە ئۇستىلىرى ۋە باسمىخانىلىرى بولغان[6].

ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ، مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان قوچو-تۇرپان ھېسابلىنىدۇ. قوچو ئەينى زاماندا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىر-بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزى تۈگۈن ئىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئىبادەتخانىلار قۇرغان، مەكتەپ ئاچقان، كىتاب باسقان، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا بۇددا، مانى دىنى ۋە ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلار ئەڭ كۆپ يېزىلىپ بېسىلغان، ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ قوچو - تۇرپان ئىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق[7]. شۇڭا، كىشىلەر قوچو-تۇرپاننى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى دەپ ئاتىغان[8]. مىلادىيە 5-ئەسىردە تۇرپاندا ئويما تامغا مەتبەدە بېسىلغان بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر

يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، 300 پارچىدىن ئارتۇقى تولۇق، ياخشى ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت، توخرى، ساك، براھما، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت، مانى يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى دالىيەن شەھىرىنىڭ لۈشۈن مۇزېيىدا تېخى رەتلەنمىگەن ئالتا خالتىدا ھەرخىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلانماقتا [9] چەتئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ھەرخىل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى شىنجاڭنىڭ تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىيەت غەزىنىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا جۈملىدىن نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭ رايونىغا كەينى-كەينىدىن ساياھەتچىلىرىنى، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، رايونىمىزدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە چاررۇسىيە كۆپ قېتىم، ياپونىيە ئۈچ قېتىم، ئەنگلىيە تۆت قېتىم، گېرمانىيە تۆت قېتىم، فرانسىيە ئىككى قېتىم، بۇلاردىن باشقا ئامېرىكىمۇ ۋارنېر قاتارلىق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ بىباھا يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن يادىكارلىقلار سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ 2-قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 284 ساندۇق يادىكارلىقنى 80 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن. نۇسخا سانى 16 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇيغۇرشۇناس گابائىن (1993-1901-يىل) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكاپى گېرمانىيىنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلار ۋە ئويما تامغا خاتىرىلەر بىلەن تولغان [10].

تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە باسما ئەسەرلەردىن قارىغاندا، بەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، بېسىلىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئوقۇشقا قولايلىق بولۇشى جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. تۈپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە، ئۆرىمە، ئورام، قاتلىما، ئارقاق قاتلىما، كېپىنەك شەكىللىك، جىلدلىق، يىپلىق تۈپلىمە، قاسراق-چىگە بىلەن چىگىلگەن پارچە-پارچە قاتارلىق شەكىللەردە بولغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا كىتابچىلىقنىڭ يالغۇز كونىدىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سەنئەت پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

«غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42-بابىدا:

«ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار تېخى بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىيەت بۇيۇمى ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقارغان ئىدى. ھايۋانلارنىڭ موي ـ قىللىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەلەم ياساپ ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ، پەي قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە سىياھ قويۇپ قەلەم چىلاشقا ئىشلەتتى. بۇنى «دەۋەت» دەپ ئاتايتتى. ئۇجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنىڭ قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىڭزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى.» دېگەن بايان بېرىلگەن. مانا بۇ بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا مەتبە، قەغەز ياساش، كىتاب تۈپلەش، بېسىش، شىرازلاش تېخنىكىسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، يېزىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 8 ـ 9 ئەسىر ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغاندىن باشلاپ، ئەرەب يېزىقىمۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا تارقىلىشقا باشلىدى. ئەرەب يېزىقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى پارس ھەرپلىرىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنى غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆگىنىشكە باشلىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى «ئۇيغۇر تىلى» بولسا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى. شۇ سەۋەبتىن، ھازىر غەربىي رايوندا تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى، ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان قوليازما، تاش باسما، مىخ مەتبەدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 15000 پارچىدىن ئارتۇق بار. بۇلار ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا 3400 پارچە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە 1850 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا 415 پارچە، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىدا 358 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا 37 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدا خېلى كۆپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە 5 پارچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى

كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 9 پارچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 154 پارچە، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 325 پارچە، قومۇل ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 52 پارچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 33 پارچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 1800 پارچە، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 475 پارچە، قاراماي شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 9 پارچە قاتارلىق ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلانغاندىن باشقا، يەنە مەرىپەتپەرۋەر، كىتابخومار خەلقنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. 2004-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ئوبلاست، ۋىلايەتنىڭ 17 ناھىيىسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، تاموژنا، مەدەنىيەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانا، مەسچىت-خانىقا قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر نەچچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ سانىلا كۆپ بولۇپ قالماستىن مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول، تۈرى جىق بولۇپ، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، دىن، مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇچىلىق-كارىزچىلىق، باغۋەنچىلىك، قەغەزچىلىك، مەتبەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، بىناكارلىق-مىمارچىلىق، تىبابەتچىلىك، تىل-ئەدەبىيات، دورىگەرلىك، سەنئەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، كاتالوگىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇرەككەپ خىزمەت. شۇنداقلا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان ناھايىتى چوڭقۇر ھەم كەڭرى كەتكەن خەزىنە.

تۆۋەندە جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەشتىن مەقسەت، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېزىپ قالدۇرغان بارلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ

ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مول خەزىنىسىنى نامايەن قىلىپ، بارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ۋە مەدەنىيەت پەنلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى ھەم تولۇق بولغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش؛ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمەت ئورۇنلىرى بىلەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاۋاتقان ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايونلار، تارماقلاردىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ «جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى» بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يازما ـ يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن مۇكەممەل ماتېرىيال ئامبىرى بەرپا قىلىش؛ جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم يازما ـ يادنامىسى، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھەم جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگىمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ «ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» ئۇيغۇر يازما مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مول مەزمۇنىنى مەركەزلىك ھالدا نامايەن قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىشتا قوشقان تۆھپىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرىنى ۋە ئۆز ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ بۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ھەمدە جۇڭگو بىلەن چەتئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتا، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن تەتقىق قىلىشتا ۋە ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشتە، شۇنداقلا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى يەنى ئۇزاق تارىخقا، كۆپ خىل تىل ـ يېزىققا، رەڭدار مەزمۇنغا، ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال، چېگرا رايونىغا، ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە يەنى قەدىمكى يىپەك يولى تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە، مۇڭغۇلىيە ھىندىستان،

ئافغانىستان، پاكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئەللەر بىلەن چېگرىلىنىدىغان ھەم جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۆزگىچە بولغاچقا مۇقەررەر ھالدا، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ياشاش مۇھىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى قەدىمكى كىتابلارنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئوخشاشماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسىملىك كىتاب، نوتا، ھۆججەت، قولليازما، توپان دەۋرىگە ئائىت قانۇن-تۈزۈم، سىياسىي تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي كاتېگورىيە، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مىللەتلەر مۇناسىۋەتلىرى، يىراق قەدىمكى رىۋايەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇجەسسەملەنگەن، يېزىق خاتىرىلەر، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدىنامىلىرى، سۈلھىنامە، تۆھپە خاتىرىلىرى، ئەخلاق، ۋەز-نەسىھەتلىرى، نەزىر-چىراغ، ئۆرپ-ئادەت مۇراسىملىرى، مۇكاپات خاتىرىلىرى، يارلىق ۋە پەرمانلار خاتىرىلەنگەن ئالتۇن، تاش ئويمىلار، تاش تامغىلار، تاش-تاغلارغا ئويۇلغان ئەجداتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بېغىشلىمىلىق قىياتاش ۋە ئۆڭكۈر-غار رەسىملىرى بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى، ژانىر تۈرىنى تۈرگە ئايرىشنى، يىغىپ ساقلاش ئەھۋالىنى، كىتابلار كاتالوگىيىنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىشتە؛ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى زامانىۋى ئۇسۇلدا باشقۇرۇشقا قولايلىق يارىتىپ، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يېزىشتا، ئاساسەن، سىياسەت كۆز قارىشى ئېنىق، سۆز-جۈملىلەردە ئومۇمىيلىق كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش، ھەربىر ۋەسىقە ياكى كىتابقا تارىخىي، دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈپ، بىر تەرەپلىمىلىك باھا بېرىشتىن ساقلىنىش؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىر قەدىمكى ئەسەرنى پەن تۈرگە ئايرىغاندا توغرا ئايرىپ ھۆكۈم چىقىرىش، مەزمۇنىنى توغرا، ئوبيېكتىپ بايان قىلىش، پرىنسىپ جەھەتتە، كىتابقا ئوبزور، تەقرىز، باھا بەرمەسلىك؛ كىتابنىڭ مەزمۇنىنىڭ تولۇق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىلاجى بار ئۇيغۇرلارنىڭ بىرمۇ كىتابىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، كاتالوگى ئىشلەنمەي تىزىملىكتىن چۈشۈپ قېلىش ۋە قايتا تىزىملاشتىن ساقلىنىش؛ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى يېزىشتا، ئاددىي، ساۋات تەرىقسىدە بولۇپ قېلىش خاتالىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن

يۇقىرى سەۋىيىدە سۈپەتلىك ئىشلەپ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىشلەش تىزىسى» دا بەلگىلەنگەن تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئومۇمىي كاتالوگ بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىپ ئىشلەندى.

بۇ قېتىمقى كاتالوگ ئىشلەش دائىرىسىگە 1949-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن بۇرۇن يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ياكى كىتاب شەكلىگە كەلگەن ۋە تارقىلىپ يۈرگەن بارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبىيى، كۆچۈشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي قىسسە، داستان قاتارلىق ۋەسىقىلىق قىممىتى بار ھېكايە، چۆچەكلەر، ھۆججەت، داستانلار؛ تارىختا ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا يېزىقتىكى مەڭگۈ تاشلار، ۋەسىقىلەرنىڭ مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتى بارلىرى؛ مەملىكىتىمىز ئىچىدە تېپىلىپ، ھازىرغىچە چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، چاغاتاي، قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈرك، كارۇشتى، براھما، سوغد، مانى، رونىك، سۈرىيە، توخرى، كۈسەن، قاراشەھەر، سانسكرىت، ساك، تۈبۈت قاتارلىق تىل-يېزىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ساقلاۋاتقان ئورۇنلار ۋە ساقلىغۇچىلار، كۇتۇپخانىلار، ئارخىپخانىلار، مۇزېيلار، مەدەنىيەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى، مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ھەمدە شەخسلەر ساقلاۋاتقان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە چەتئەللەردىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە چەتئەللەردىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئارخىپتا ساقلاش ياكى نەشر قىلىش پىلانلاندى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى يېزىشتا، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى ئىشلەش تىزىسى بويىچە ھەربىر تارماقنى تولدۇرغاندا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك كارتا ئىشلىتىلدى. جەدۋەل قاتتىق تەلەپ قويۇلۇپ ئۆلچەم بويىچە تولدۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك

قىلىنىدى. كارتىدىكى مەلۇم تۈرلەر ئېنىق بولمىغانىدا، ئاپتورى ياكى «يىل» ئېنىقلانمىغانلار «ئېنىق ئەمەس» ياكى «نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن XX ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا» يېزىلغان دەپ ئىزاھلاپ يېزىلدى. تەرجىمە ئەسەر بولسا «ئاپتورى» دېگەن كاتەكچىنىڭ ئاخىرىغا بىر يانتۇ سىزىق سىزىپ «/» قويۇلدى. ھەرخىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر، كىتابلار مەزمۇنىغا قاراپ پەن تۈرىگە ئايرىلدى. پەن تۈرىدىن ھالقىغان كىتاب، ۋەسىقىلەر بولسا قايسى پەنگە تەئەللۇق بولسا شۇ پەن تۈرىدە تارماق تۈرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي مەزمۇنىنى يازغاندا مۇناسىۋەتلىك پەن تۈرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئوخشاش بىر قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئىسمى بولسا، ھەر بىرىگە ئايرىم تارماق ئاجرىتىلىپ، ئومۇملاشقان نامى ئاساس قىلىنىپ، قالغانلىرى پايدىلىنىش تارمىقى قىلىنىدى. ئاساس تارماقتا «يەنە بىر نامى......» دەپ ئېنىق يېزىلدى. كىتاب نامى ئوخشاش بولسىمۇ مەزمۇنىدا پەرق بولغان بولسا ئۇنىڭغا ئايرىم تارماق تۈرگۈزۈلۈپ ئايرىم كارتا ئىشلەندى. نامى بىر، ئەمما نۇسخىلىرى ئوخشاش بولمىغان قەدىمكى ئەسەرلەر بولسا مەسىلەن، تاش باسما، قولىيازما، مىخ مەتبە، ياكى، تىلى- ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئۇيغۇر چاغاتاي، قەدىمكى ئۇيغۇر، قەدىمكى تۈرك؛ يېزىقى ئەرەبچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تۈركچە، چاغاتايچە قاتارلىقلار نۇسخا تۈرى ئوخشاش ئەمەس دەپ قارىلىپ، ئايرىم-ئايرىم تارماق تۈرگۈزۈلۈپ ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلدى.

ئىككى كىتابنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئوخشاش، لېكىن نۇسخا تۈرى ئوخشاش بولمىسا ئۇنىڭغا بىرلا تارماق تۈرگۈزۈلۈپ، بىرلا كارتا ئىشلىنىپ ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلدى. بىر خىل قەدىمكى ئەسەر تارقىلىش جەريانىدا قايتىدىن ئۆزگەرتىلگەن، بېسىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن، مەزمۇنىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان ياكى ئۇزارتىلغان-قىسقارتىلغان بولسا، يېڭى نۇسخا دەپ قارىلىپ، يالغۇز تارماق تۈرگۈزۈلدى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلدى. مەجمۇئەلەر، چاتما-سېرىيىلىك كىتابلار ئىچىدىكى تارماق كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇستەقىل كىتاب بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەنلىرىگە، ئايرىم تارماق تۈرگۈزۈلدى، پۈتۈن كىتابقا باشقا تارماق تۈرگۈزۈپ، پۈتۈن كىتابنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى يازغاندا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يازغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى، بىرلىككە كەلگەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى بولمىغاچقا، يېڭىدىن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرىنى تۈزۈپ، كىتاب نامى شۇ ھەرپلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىدى. كىتاب ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەنا تەرجىمىسى قىلىنىدى، پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغان

ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، مانىچە كىتاب نامىلىرى ئاھاڭى بويىچە يېزىلدى، ئىسمى ئېنىق بولمىغان ئەسەرلەرگە، كاتالوگنى ئىشلىگۈچى تەرىپىدىن كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەڭ مۇھىمى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ يېڭى نام قويۇلۇپ، يۇلتۇز (*) بەلگىسى سېلىندى.

كارتىنىڭ «ئاساسىي مەزمۇنى» دېگەن كاتەكچىگە ئاساسىي مەزمۇن تولۇق، تەلتۆكۈس يىغىنچاقلاپ يېزىلدى. ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، پايدىلىنىشى، ئىزدىنىشتەك كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن ئالاقىدار پەن تۈرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۆز-جۈملىلەر سەرخىل، ئوقۇشلۇق، ئوچۇق، راۋان، گرامماتىكىسى قېلىپلاشقان، لوگىكىسى پۇختا، ھەرخىل تەركىبلىرى ئېنىق يېزىلدى. قەدىمكى ئەسەرنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سوبيېكتىپ مايىللىق ياكى ھېسسىياتقا تايىنىپ باھا بېرىشتىن ساقلىنىلدى. ئاساسىي مەزمۇننىڭ تېكىستى بايان قىلىنماقچى بولغان كىتاب، ۋەسىقىنىڭ مۇھىملىقىغا قاراپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىپ، ئالاھىدە چوڭ تارماق 500 خەت ئەتراپىدا، چوڭ تارماق 300 خەت ئەتراپىدا، ئوتتۇرا تارماق 200 خەت ئەتراپىدا، كىچىك تارماق 150 خەت ئەتراپىدا يېزىلدى. بىر قىسىم مەجمۇئەلەر، قىسمىلىق كىتابلار ياكى مەملىكەت ئىچى، سىرتىدا زور تەسىرى بار ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئالاھىدە چوڭ تارماق تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. مەلۇم پەن تۈرىدىكى مۇھىم كىتاب ۋە ۋەسىقىلەر چوڭ تارماق تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئادەتتىكى كىتاب ۋە ۋەسىقىلەر ئوتتۇرا ۋە كىچىك تارماققا كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسەن 150-250 خەت ئەتراپىدا يېزىلدى. دېمەك، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ پۈتۈن كاتالوگىدا ئاساسەن ئوتتۇرا تارماق ئاساس قىلىندى. بەزى كونكرېت تارماقنىڭ دەرىجىسى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇن» نى تۈزۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىلدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» ئومۇمەن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ تۈر خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان يىغىنچاق سۆز؛ كىتاب ۋە ۋەسىقىنىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ۋە يېزىلىشتىكى مەقسەت؛ كىتاب ۋە ۋەسىقە مەزمۇنىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى؛ ئەسەر ۋە كىتابنىڭ تەتقىقات قىممىتى، ۋەسىقىشۇناسلىقتىكى ئورنى ۋە قىممىتى قاتارلىقلار.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى يازغاندا، ئاساسەن، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇن» نى يېزىش

تېزىسىدىكى تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ يېزىلدى. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»، پارسچە «ھەدىس شەرىف» لاردىكى بىر قىسىم سۆز، ئىبارە، شۇنداقلا سۆز ئارىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشقا تىللاردىكى سۆز-ئاتالغۇلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە قېلىپلاشقان تىل-يېزىق بىلەن يېزىلدى ياكى ئەسلى يېزىق شەكلى بويىچە ئېلىنىپ تىرناق ئىچىگە قويۇلدى. بارلىق سان-سىفىرلار ئاساسەن ئۇيغۇرچە سان بىلەن ئېلىندى. يىل دەۋرىنى ئىپادىلەشتە: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىر-يىللارنىڭ ئالدىغا «مىلادىيىدىن ئىلگىرى» دەپ يېزىلدى. «مەسىلەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىر»، «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 294-يىلى». مىلادىيىدىن كېيىنكى ئەسىر-يىللار بولسا ئادەتتە «مىلادىيە» يېزىلمىدى. مەسىلەن، «552-، 840-يىللار» ئازراق يىللار (مىلادىيە 100 يىل ئىچىدىكى) بولسا خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن «مىلادىيە» خېتى قوشۇپ يېزىلدى. مەسىلەن، «مىلادىيە 48-يىلى». يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىششى ئارىسىغا تۈز سىزىق (-) سىزىلدى. مەسىلەن، (1644-1840). بىر ئەسىرنىڭ يېرىمىنى «ئالدىنقى يېرىمى»، «كېيىنكى يېرىمى» دەپ ئېلىندى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا». «19-ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئاخىرىدا، ئوتتۇرلىرىدا» دەپ ئېلىندى. 1911-يىلىدىن بۇرۇنقىلىرى بىۋاسىتە سۇلالە نامى ھەم ئەسىر بويىچە ئاتالدى. 1912-يىلىدىن 1949-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكىلەر «مىنگو دەۋرى» دەپ ئاتالدى. 1949-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىنكىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن» دەپ ئاتالدى. «ئازاتلىقتىن بۇرۇن، كېيىن»، «كونا (يېڭى)»، جۇڭگو، «كونا جەمئىيەت» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلمىدى. تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتە 1990-يىلى دۆلەتلىك تىل-يېزىق كومىتېتى ئاخبارات مەھكىمىسى بىرلىكتە ئۆزگەرتىپ ئېلان قىلغان «تېنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى» بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى 1997-يىل ئېلان قىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى لۇغىتىنى ئاساس قىلىپ يېزىلدى. ھەربىر سۆز، تىنىش بەلگىلىرى ئورگىنال قەغەزنىڭ بىر كاتەكچىسىغا چۈشۈرۈلدى. قوش پەش، قوش تىرناق ۋە باشقا تىرناقلارنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنى قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىلدى. پەش، چېكىت، چېكىتلىك پەش، تىك چېكىت، سوئال بەلگىسى، ئۈندەش بەلگىسى قاتارلىق بەلگىلەر ئۆلچەم ۋە تەلەپ بويىچە قۇرنىڭ بېشىغا يېزىشتىن ساقلىنىلدى.

ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ تېكىستىگە (بەت

ئاستىغا ۋە تېكىست ئاخىرىغا) ئىزاھات بېرىشتىن ساقلىنىپ، ئىزاھات خاراكتېرلىق جۈملىلەر تېكىستكە قوشۇۋېتىلدى. ئاساسىي مەزمۇننى يازغۇچى كىشى تېكىستنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قۇرنىڭ ئاستىغا ئۆز ئىسمىنى يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئاساسىي مەزمۇننى يازغۇچى كىشى ئىككى ياكى ئۈچتىن كۆپ بولسا، ئىسىملار ئارىسىغا بىر كاتەكچە بوش ئورۇن قالدۇرۇلدى ياكى پەش قويۇلدى.

ھەر توم ئىچىدىكى ئىلىم-پەنگە باغلىق سۆز ئاتالغۇلار بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى شۇ پەن ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان، ھەممە كىشى قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلمىغان، ئەسلى ئاپتور تەرىپىدىن مەلۇم مەنىدە قويۇلغان ئاتالغۇلارغا ئۆز ئورنىدا چۈشەنچە بېرىلدى. مەلۇم كەسپىي سۆزلەردىن ھەرخىل يېزىلىدىغانلىرى ئامالىنىڭ بارىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن «مۇقەددەس كىتابلار» ياكى ئاللاھنىڭ ساماۋى كىتابلىرىغا ئىشىنىش، «ئىمان»، «ئېتىقاد»، «ئىشىنىش» دېگەن سۆزلەر «مۇقەددەس كىتابلار»، «ئىمان» دەپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىر قەدەر ئومۇملاشقان، چۈشىنىشلىك سۆز ئىشلىتىلدى. ئادەم ئىسمىنى يازغاندا ئۆز ئىسمى ياكى ئادەتلەنگەن نامى ئىشلىتىلدى. قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى يەر ناملىرىنى يېزىشتا بىر يەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ناملىرى بولسا ياكى نامى ئوخشاش يەر ئوخشاش بولمىسا، بۈگۈنكى تەۋە جاينىڭ نامى يېزىلدى. مەسىلەن، قوچو، جانبالىق، ئىدىقۇت، كروران، پىشامشان دېگەن ناملار. قەدىمكى يەر ناملىرى ھازىرقى يەر نامىغا ئۆزگەرتىلمەي ئۆز پېتىچە يېزىلدى. مەسىلەن، كاشغەر، ياركەند، كوچار، كوسەن، ئودۇن، قوچو، يارغول بۇ ناملار تۇنجى قېتىم ئۇچرىغاندىلا ئىزاھلىنىپ يېزىلدى. تارماقلاردا ئىشلىتىلگەن ھەرخىل ماتېرىياللار تەكشۈرۈش سېلىشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، خاتا يېزىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىلدى. ماتېرىياللارنى تەكشۈرگەندە، سېلىشتۇرغاندا ئىمكانقەدەر بىرىنچى قول ماتېرىيال ئاساس قىلىندى. كاتالوگ ئىشلىگۈچى، بېكىتكۈچىگە بىرەر مەسىلىنى ئەسكەرتمەكچى بولغاندا قېرىنداش قەلەم بىلەن بەلگە قويۇلدى. پرىنسىپ جەھەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى كاتالوگى بىر توم ياكى بىر قانچە توم بولۇپ تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ بەلكى ئىككى ياكى ئۈچتىن كۆپ توم بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە. چۈنكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ھەم تارىختا كۆپ خىل يېزىق قوللانغان مىللەت. شۇنىڭ ئۈچۈن «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى تومى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تومى» ياكى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى تومى، ئەرەبچە، پارسچە، چاغاتايچە يېزىقى تومى» دەپ چىقىرىلىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر مىللەتنىڭ بۆلۈنمە

تومۇرلىرى ۋەسىقىلىرىنىڭ ژانىر-شەكىللىرىگە قاراپ تەرتىپ بويىچە تۈرلىنىدىغان يەنى A تۈر - قەدىمكى ئەسەرلەر-كىتابلار؛ B تۈر-مىس، مەڭگۈ تاش، ياغاچ ئويمىلار؛ C تۈر - ھۆججەت-ۋەسىقىلەر؛ D تۈر - ئاغزاكى ۋەسىقىلەر - قىسسە- قوشاقلار بولغاچقا، ھەربىر تۈرنى تۈرلەشتە «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى» «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دىكى تۈرلەرگە ئايرىش تەرتىپى بويىچە ئايرىلدى. لېكىن ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» غا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ تۈرلەرگە ئايرىش تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

A. دىن: 1. ئىپتىدائىي دىن 2. بۇددا دىنى 3. توين دىنى 4. ئىسلام دىنى 5. خرىستىيان دىنى 6. باشقا دىنلار

B. پەلسەپە: 1. پەلسەپە 2. ئىستتىستىكا

3. پسىخولوگىيە

C. ئېتىكا

D. سىياسىي، قانۇن: 1.سىياسىي 2. قانۇن

E. ھەربىي ئىشلار

F. ئىقتىساد

G. مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە

H. تىل، يېزىق: 1. تىل 2. يېزىق

I. ئەدەبىيات:1. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى 2. شېئىر 3. دراما 4. ھىكايە-رومان 5. ئوچېرك 6. خەلق ئەدەبىياتى 7. دىنىي ئەدەبىيات (ئەدەبىيات تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ دىنىي مەزمۇنى بارلىرى مۇشۇ تۈرگە كىرگۈزۈلدى؛ ئەدەبىيات مەزمۇنى بار ئەمما نوم كىتاب شەكلىگە مەنسۇپ بولغانلىرى A تۈرگە كىرگۈزۈلدى)

J. سەنئەت: 1. سەنئەت نەزەرىيىسى 2. خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق 3. مۇزىكا 4. ئۇسۇل

K. تارىخ، جۇغراپىيە: 1. تارىخ 2. ئۆرپ-ئادەت 3. جۇغراپىيە 4. ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى

P. ئاسترونومىيە، كالېنىدارچىلىق: 1. ئاسترونومىيە 2. كالېنىدارچىلىق

R. تىبابەت، سەھىيە

S. يېزا ئىگىلىك پەنلىرى: 1.يېزا ئىگىلىك 2. ئورمانچىلىق 3. چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق

T. سانائەت تېخنىكىسى

U. قاتناش ترانسپورت

2. ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق كىتابلار

W. باشقىلار

بۇخىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى پۈتۈن بىر گەۋدىگە قارىتا ئېيتىلغان. شۇڭا، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىچىدە قايسى بىر تۈر بولمىسا شۇ تۈر قىسقارتىلغان ھالەتتە قالدى. لېكىن بەزى تۈرلەر ئۇيغۇر قەدىمكى

ئەسەرلىرىدە بار بولغاچقا بۇ تۈر كىچىك تۈر بويىچە 2-دەرىجە ياكى 3-دەرىجە دەپ ئايرىلدى. مەسىلەن، A. دىن:ئىپتىدائىي دىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان (1) شامان دىنى، (2) مانى دىنى قاتارلىقلاردىن باشقا (3) تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش (4) ھايۋاناتلارغا چوقۇنۇش، (5) ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، يەنە بەزى سېھىر-جادۇ، يادا تاشچىلىق قاتارلىق تۈرلەر ئىپتىدائىي دىن تۈرى ئىچىدىكى كىچىك تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە تۈرگە ئايرىلدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگ» نى تۈزۈشتە، ئالدى بىلەن «كىتابلار تۈرىنى» ئىشلىدۇق. كىتابلار تۈرىنى ئىشلىگەندە، ھەربىر كىتابقا بىردىن كارتا تولدۇرۇلدى. بىرخىل كىتابنىڭ ئوخشىمىغان باسما نۇسخىسى، ھەرخىل قولىيازما نۇسخىسى بولسا مەزمۇنى ئوخشاشلىرى بىر كىتاب ھېسابىدا بىر كارتا تولدۇرۇلدى. مەزمۇنىدا چوڭراق پەرق بولغانلىرى ئوخشىمىغان كىتاب ھېسابىدا ئايرىم كارتا تولدۇرۇلدى. كارتوچكىنىڭ بېشىدىكى «يېزىق تۈرى» ئادەتتىكى ئاتىلىشچە يېزىلدى. مەسىلەن، ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئۇيغۇر چاغاتايچە، ھەربىر يېزىقنىڭ نامى رەت بويىچە يېزىلىپ، كەينىگە «ئارىلاش» دېگەن سۆز قوشۇپ يېزىلدى. مەسىلەن، ئەرەبچە، چاغاتايچە، پارسچە ئارىلاش.

كارتوچكىنىڭ بېشىدىكى «تۈرى» دېگەن ئورۇن «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» غا ئاساسەن تولدۇرۇلدى. كارتوچكىنىڭ بېشىدىكى «رەت نومۇرى» كارتىكى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ تولدۇرۇلۇپ، ئادرېس يانتۇ سىزىق بىلەن ئايرىپ قويۇلدى. بۇنىڭدا بىرىنچى بۆلىكى جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ ھەرپ نومۇرى، ئىككىنچى بۆلىكى ھەرخىل يېزىق تۈرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كىچىك تۈرگە بۆلۈنۈش نومۇرى، ئۈچىنچى بۆلىكى كىچىك تۈر ئىچىدىكى كارتوچكا نومۇرى. مەسىلەن، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىي تۈر «غېرىپ ۋە سەنەم» ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنىڭ ئون توققۇزىنچى كارتوچكىسى «I/6/19» دەپ يېزىلدى. كىتاب نامى ياكى ماۋزۇسى ئەسلى يېزىلىشى بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلدى. بىرلىككە كەلگەن لاتىن ھەرپىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىشتا، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ يېزىش قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ شۇ بويىچە يېزىلدى. ئەسلى خەنزۇچە نامى بولسا كىتاب ماۋزۇسى ياكى نامى ئۆز ئەينى بويىچە يېزىلدى. ئەسلى خەنزۇچە ماۋزۇسى ياكى نامى-يوقلار ئۇيغۇرچىدىن، ئەرەبچىدىن، پارسچىدىن، چاغاتايچىدىن، قەدىمكى

ئۇيغۇرچىدىن تەرجىمە قىلىندى. بۇنىڭدا ئىمكان بار ئەسلى بار تەرجىمە ئىسمى ئىشلىتىلدى. خەنزۇچە تەرجىمە ئىسمى ھەرخىل بولغانلىرى ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قاراپ رېتى بويىچە يېزىلىدى. ئەگەر قىسقارتىلغان نامى كەڭ تارقالغان بولسا ئۇمۇ يېزىلدى. ئەسلى ماۋزۇسىز كىتابلارغا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ماۋزۇ قويۇلدى. قويۇلغان ماۋزۇلار پەقەت خەنزۇچە يېزىلىپ، خەنزۇچە ماۋزۇ كاتىكىگە تولدۇرۇلۇپ، ئالدىغا يۇلتۇز (*) بەلگىسى قويۇلدى. ھەجىم جەھەتتە ئەسلى كىتاب ئىلگىرى توملارغا بۆلۈنگەن بولسا، توم سانى يېزىلىپ، قىسىم سانى يېزىلمىدى. تومغا بۆلۈنمىگەنلىرىنىڭ قىسىم سانى يېزىلىپ «توم» كاتىكىگە «تومغا بۆلۈنمىگەن» دەپ يېزىلدى. توم سانى ۋە قىسىم سانىنى يېزىشتا ئەرەبچە رەقەم ئىشلىتىلدى. مەسىلەن، «5 توم»، «تومغا بۆلۈنمىگەن، 5 قىسىم»، ئەگەر ئەسلى كىتاب كەمتۈك بولسا، تولۇق توم سانىلا يېزىلىپ، ھازىرقى ساقلانغان توم سانى يېزىلمىدى. كىتابنىڭ بەت سانى «بەت سانى» كاتىكىگە يېزىلدى.

ئاپتور دېگەن كاتەكچىنى تولدۇرغاندا، ئالدى بىلەن سۇلالە ياكى ئەسىر كونا يىل ھېسابى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قوللىنىشقا باشلىغان ھىجرىيە ھېسابى، مىلادىيە يىل ھېسابى تىرناق ئىچىگە ئەرەبچە رەقەم بىلەن، ئاندىن ئاپتورنىڭ يۇرتى، ئىسىم-فامىلىسى، تەرجىمە قىلغان ياكى يازغان دەپ يېزىلدى. مەسىلەن، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرى، 1721-يىل، قەشقەرلىك مۇھەممەد سادىق كاشىغەرى، قەشقەردە يازغان» دەپ يېزىلدى. ئەگەر ئادەتلەنگەن ئىسمى بولمىسا، ئادەم ئىسمى ئورنىدا مەنسەپ نامى ئىشلىتىلمىدى.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئۆزىنىڭ مۆچەللىك كالىندارىنى ئىشلەتكەن بولغاچقا، بەزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاب-ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىنى ئىشلىگەندە مۆچەللىك يىل ئەنئەنىسى قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە تىرناق ئىچىگە مىلادىيە يىل ھېسابى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىشلەتكەن ھىجرىيە كالىندارىنىڭ كەينىگە مىلادىيە يىل يېزىلدى. يىل ھېسابى بولمىغانلار بىرلا مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە يېزىلدى، كونكرېت يىل ئېنىق بولمىغانلارغا ئەسىرلا ئىشلىتىلدى. مەسىلەن «14-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا......»

ئاساسىي مەزمۇنىنى يازغاندا، ئالدى بىلەن كىتابنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان خۇلاسىنى يېزىپ، ئاندىن كېيىن كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە مەقسىتى، بارلىققا كېلىش جەريانى، كىتابنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتتىكى ئورنى، قىممىتى يېزىلدى. مەشھۇر، ئۇلۇغ، مۇتەپەككۇر، ئىنتايىن،

مۇھىم دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرى ئىشلىتىلمىدى. نۇسخىسى - دېگەن كاتەكچىنى تولدۇرغاندا، سۇلالە ياكى دەۋرى، كونا يىل ھېسابى، مىلادىيە يىل ھېسابى (تىرناق ئىچىدە)، كىتابنى يازغان، كۆچۈرگەن، ئۇيغان ئورۇن، ئادەم، كۆچۈرگەن، ئۇيغان نۇسخا ياكى كۆچۈرمە-قولىيازما دەپ يېزىلدى. مەسىلەن، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن ياركەندە كۆچۈرگەن قولىيازما. ئەگەر نۇسخا ئېنىق بولمىغانلىرى ئۇيما نۇسخا، كۆچۈرمە-قولىيازما، كونا كۆچۈرمە، ياكى كونا قولىيازما دەپ يېزىلدى. ئاساسەن بۇ كاتەكچە ئاق قالدۇرۇلمىدى. كىتابنىڭ ۋەسىقە ماتېرىيالىنى تىزىملاپ يازغاندا، ياغاچ قوزۇق، ياغاچ تاختا، قوي تېرىسى، كالا تېرىسى، بۆز رەخت، سېپتە شايى، يۇمشاق قەغەز، كەندىر قەغەز، خوتەن قەغىزى، سامان قەغەز، كاتان، قاسراق دەپ ئاتالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق، ياغاچ، تاش، تېرە، سامان قەغەز، خوتەن قەغىزى، دەپ تىزىلدى. تۈپلىنىشى دېگەندە، ئۆرىمە، ئورام، قاتلىما، ئارقاق قاتلىما، كىپىنەك شەكىللىك، جىلدلىق، يىپلىق تۈپلىمە، قاسراق بىلەن چىگىلگەن، پارچە-پارچە، بايراق قاتارلىق ئاتالغۇلاردا يېزىلدى. خەت شەكلى-ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆسنىخەت نۇسخىلىرى بويىچە، خەتتە ئىبلىق، رۇقئە نۇسخا، سۇلۇس، نەسىخ، كوفى، ئىجازەت، تۈزخەت، غوللۇق خەت، رەيھانى، دىۋانى، جېلى دىۋانى قاتارلىق ئاتالغۇلاردا يېزىلدى. سىياھ رەڭگى دېگەندە ئاساسەن، قارا سىياھلىق كىتاب، قىزىل سىياھلىق كىتاب، جىگەر رەڭ سىياھلىق كىتاب، ئالتۇن رەڭلىك كىتاب، سۆسۈن رەڭلىك كىتاب، كۈمۈش رەڭلىك كىتاب، قان بىلەن يېزىلغان كىتاب، گۈل-گىياھ ئىزىندىسى بىلەن يېزىلغان دېگەندەك ئاتالغۇلاردا يېزىلدى. بەت يۈزىنى، بويى بىلەن ئېنىنىڭ كۆپەيتمىسى، بىرلىكى سانتىمېتر (cm) ئەرەبچە سان بىلەن يېزىلدى. كىتابنىڭ بەت يۈزىنى ئۆلچىگەندە ھەممە كىتابنىڭ بويى ۋە ئېنى كىتاب تېكىستىنىڭ بىرىنچى بېتىدىن سانالدى. قىسمەن ۋاراقلىرى كەمتۈك كىتابلارنىڭ ئەڭ تولۇق بىرىنچى بېتىدىن سانالدى. ھەم شۇ بەت ئۆلچەندى. پەقەت تىك سىزىقلىق كالونكا تارتىلغان قولىيازملاردا تىك سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى كىتابنىڭ بويى، ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرەپتىكى تىك سىزىقلارنىڭ ئارىلىقى كىتابنىڭ ئېنى ھېسابلاندى. توغرا سىزىقلىق كالونكا تارتىلغان قولىيازملاردا توغرا سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى كىتابنىڭ ئېنى، يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى توغرا سىزىقنىڭ ئارىلىقى كىتابنىڭ بويى ھېسابلاندى. يان سىزىقى بار كىتابلارنى يازغاندا، تۆت تەرىپى تاق سىزىقلىق، تۆت تەرىپى قوش سىزىقلىق، ئوڭ، سول تەرىپى قوش سىزىقلىق، قىرغاقلىرى سىزىقسىز دەپ يېزىلدى. كىتابنىڭ خەت قۇرى-تولۇق خەت يېزىلغان بىرىنچى بەتنىڭ قۇر سانى ئەرەب رەقىمى

بىلەن تولدۇرۇلدى. ھەر قۇرنىڭ خەت سانى ئوخشىمىغانلارنىڭ خەت سانى ئەڭ ئاز قۇر بىلەن ئەڭ كۆپ قۇرنى ئېلىپ، «...دىن-، غىچە» دەپ يېزىلدى. مەسىلەن، 7 قۇر، 12 دىن 14 كىچە تولۇق يېزىلغان قۇر ئاساس قىلىندى. كىتابنىڭ خەتسىز يۈزى -ئاق، قارا، ئالا دەپ يېزىلدى. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ خەتسىز يۈزى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ بايان قىلىندى. چۈنكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ماۋزۇ، تېكىست، ھاشىيە، يەنە بەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تېكىست، ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەرھىسى، ئۇنىڭ ئەراپىغا يەنى بەتنىڭ خەتسىز يۈزىگە ھاشىيە، ئىزاھات بېرىلىدىغان ئەسەر - كىتاب دائىم ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر يېزىلغاندىن باشقا، پەقەت «بار» ياكى «يوق» دەپ يېزىلغان ئەھۋاللارمۇ بار.

كىتابنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرى دېگەندە مۇقاۋا قېپى، تۇرغۇچ، قىستۇرما رەسىم، تەمتەك خاتىرىسى، يان ئىزاھات، ھاشىيە دېگەندەك تۈرلەر بولۇپ، بۇلار، كۆن مۇقاۋىلىق، شارۇن مۇقاۋىلىق، تېرە-خۇرۇم مۇقاۋىلىق، مىللىيچە نەقىشلىك، تامغىلىق دېگەندەك ئاتالغۇلاردا يېزىلدى. كىتابنىڭ بۇزۇلۇش ھالىتى-بۇزۇلمىغان، پۇرچۇلمىغان، يىرتىلمىغانلىرى «تولۇق، ياخشى ساقلانغان» دەپ يېزىلدى. بۇزۇلغان، پۇرچۇلغان، يۇقالغان بەتلىرى كونكرېت كۆرسىتىلدى. كىتابنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى دېگەندە يىغىپ ساقلاۋاتقان ئورۇن تەپسىلىي يېزىلدى. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، دېگەندەك.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش، نەشر قىلىنىش ئەھۋالى، قەدىمكى ئەسەرنى قاچان، كىم نەشرگە تەييارلىغان، قايسى ئورۇن نەشر قىلغان، بۇ ھەقتە قانداق، قاچان، قايسى مەتبۇئاتتا تەتقىقات ماقالىسىنى كىم ئېلان قىلغان دېگەن تۈرلەر تەپسىلىي يېزىلدى. تېخى نەشرگە تەييارلانمىغان، بۇ ھەقتە تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارمىغان بولسا تەتقىق ۋە نەشر قىلىنمىغان دەپ يېزىلدى. دېمەك، جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى يېزىش تىزىسىدىكى تەلەپ، پرىنسىپ، ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئىشلەندى.

ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كىتابلار تۈرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى

ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدىكى ئۇيغۇر كەسپىي گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار چاغاتايچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەردىن 792 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئەرەبچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسىرىدىن 335 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئۇيغۇر چاغاتايچە قەدىمكى ئەسەرلەردىن 325 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئەرەبچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەردىن 260 پارچە، پارسچە 155 پارچە، چاغاتايچە 237 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئۇيغۇر چاغاتايچە قەدىمكى ئەسەردىن 208 پارچىنىڭ كاتالوگىنى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئۇيغۇر چاغاتايچە قەدىمكى ئەسىردىن 120 پارچىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ بولدى. جەمئىي 4222 پارچە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلەندى. ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلەنگەن 4222 پارچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسىرنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرى ئەڭ قەدىمكىسى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشقان مىلادىيە 11 - ، 12 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ كېيىنكى دەۋرلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىتابلاردۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى ئىشلەنگەن 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ھەمكارلىششى، ھەرقايسى كەسپىي خادىملار ۋە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى سۆيىدىغان، قوللايدىغان، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ھەمكارلىششى، جاپالىق تىرىششى ئارقىلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، قۇتقۇزۇش، كاتالوگىنى تۈزۈش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىقات جەھەتلەردە خوشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

20 يىلدىن بۇيان 10 مىڭ پارچىدەك، ئەرەب، پارس، چاغاتاي، قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈرك، براھما، قاراشەھەر، كوچار تىل - يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەر ۋە ۋەسىقە توپلاندى. 60 پارچىدەك ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەر رەتلىنىپ نەشردىن چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن

ناھىيىسىدىكى 10 مىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ تارىخى، خۇنەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى، كېلىپ چىقىشى، نەسەبىگە ئائىت يازما ھۆججەتلەر، تاش پۈتۈكلەر، قەبرە تەزكىرىلىرى قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى بىلەن خۇنەن ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش پىلانلاندى. جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، كىتاب تۈرىنىڭ كۆپلىكى، تىلىنىڭ قەدىمىي ۋە مۇرەككەپلىكى قاتارلىق تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلىك كاتالوگ تۈزۈش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پۇختا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلەنگەن بىر قانچە يىللىق خىزمەتتىن قارىغاندا، نەتىجىسى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى.

جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپى خادىملار، قەدىمكى كىتاب ساقلاۋاتقان ئورۇنلاردىكى خادىملار ۋە مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلارنىڭ پائال قاتنىشىشى ۋە تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىلىق «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى. ئۇيغۇرلار تومى» نى 2009-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

پايدىلانمىلار:

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ ستاتىستىكا ماتېرىيالى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2005-يىل تۈزگەن (خەنزۇچە)، 6-بەت.

② «شىنجاڭ مىللەتلەر خىزمىتى قوللانمىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 2004-يىل تۈزگەن (خەنزۇچە)، 11-بەت.

③ «ماشىيەنپىڭ: «تاۋ يۈەن ناھىيىسى مىللەتلەر تارىخى»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تاۋ يۈەن ناھىيىلىك كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ئىشخانىسى 2004-يىل 9-ئايدا

تۈزگەن؛ چىن زۇنۋاڭ ڧاتارلىقلار تۈزگەن «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» يۈلۈ نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 7 ـ ئاي (خەنزۇچە)، نەشرى 17 ـ بەت؛ شىنجاڭ «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 3 ـ سان، (خەنزۇچە)، 25 ـ بەت.

④ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1992 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى «ماۋزېدۇڭنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى پارتىيىگە تونۇشتۇرۇشى» ناملىق ماقالە.

⑤ ئابدۇقەيۇم خوجا، ئىسرافىل يۇسۇپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى 9 ـ ، 10 ـ ، 23 ـ بەت.

⑥⑦ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 2003 ـ يىل 2 ـ سان؛ ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ، 1982 ـ يىل قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى باستۇرغان، 39 ـ بەت؛ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى 11 ـ ، 132 ـ بەت.

⑧ ⑨ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۇچېرىكلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 23 ـ بەت.

⑩ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 2003 ـ يىل باستۇرغان، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىپ قوغدىغۇچىلار دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

تەرجىمان: ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

# بېزەكلىك مىڭئۆي 32-غاردىكى (1) «قەسەم» رەسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ليۇ يوڭزىڭ

قىسقىچە مەزمۇنى: بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى ئىچىدىكى 32-غار، مىڭئۆيلەر توپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يۈزى ئاساسەن تۆت چاسا، ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىمخانىسى بار، ئايلانما كارىدورلۇق، ئايلانما كارىدورنى چۆرىدەپ «قەسەم» رەسىملىرى ۋە 12 ساخاۋەتچى راھىبنىڭ رەسمى سىزىلغان، (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچىسى راھىب) ماقالىدە ياپونىيىلىك خىرانو (平野真完) ئەپەندىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئاساسىدا «توپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنەيە تىبابەت شىپاگەرلىكى» (根本说一切有部田比夺耶药事) نىڭ 24-جىلدىغا ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان «قەسەم» رەسىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەندۈرۈلدى. سانسكرىتچە، خەنزۇچە، تىبەتچە تەرجىمىلىرىنىڭ ھەممىسى رىتى بويىچە بېرىلدى. «قەسەم» رەسمى قارىماققا بۇدداغا ئىبادەت قىلىش ۋە تېۋىنىش (ساخاۋەت قىلىش) رەسىملىرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تام رەسىملىرىدە ساكيامۇنىنىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدە، ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ ئالدىدا، ئىستىقامەت قىلىپ بۇددالىق مەنزىلگە يېتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇددا ئالدىدا كەلگۈسىدە چوقۇم بۇددالىق مەنزىلىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ رەسىمنىڭ يەنە «ھېكمەت سۆزلەش» دېگەندەك باشقىچە ئاتىلىشمۇ بار. قەسەم رەسىملىرى بىغىشلىما يېزىقلىرىنىڭ 4-دىن باشقىلىرىنى «توپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنەيە تىبابەت شاھى» نىڭ ئىچىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. بىغىشلىما يېزىقلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئاسانكى كالىپ-ئۇ ئالەملىك بۇددانىڭ (三阿僧祇劫出世) نامىمۇ ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى (药事) «تىبابەت شاھى بورھان» دىمۇ كۆرۈلىدۇ، باشقىلىرى يەنە «ئەبىدەرمە مەھاۋىباشا شاستىرە» (大田比波沙论) قاتارلىق مەلۇم مۇھاكىمە ئەسەرلىرىدە ھەم «مەھا پىراجنا پەرامىتە شاستىرە» (大智废论) دە كۆرۈلىدۇ. ئۇلار بىلەن «ئۇپاسى پەرىز سۇترىسى» (优婆塞戒经) دىكى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ، قەسەم رەسىملىرىدىكى تېما، ھېكايە ۋەقەلىكنىڭ 2-3 سىنى «ئاۋدان تەمسىللىرى» (譬喻诸) قاتارلىق ھۆججەت مەنبەلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قالغان كۆپ قىسمى «تىبابەت شاھى» بورھان قىسسىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

*ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قەسەم رەسىملىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى، 32-غار.*

گېرمانىيىلىك لىكوكنىڭ يىرىك ئەسىرى «قوچو»نى دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنىدىكى جاۋچۇڭمىن ئەپەندى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، 1998-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىز ئاخىرى لىكوك گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن ھەم 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغان گۈزەل نەپىس بۇددا تام رەسىملىرىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق②.

ياپونىيىدە چىقىدىغان «بۇددىزىم سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 19-سانىدا ئاشكارلىنىشىچە، لېكوك گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن بېزەكلىك مىڭئۆي تام ەسىملىرى تۈردىكى گۈزەل-سەنئەت ئەسەرلىرىنى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ 25% نى شەرقىي گېرمانىيىگە يۆتكىگەن، قالغانلىرىنى ھايۋانات باغچىسىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۆتكۈرىگە يوشۇرۇپ قويغان. بىراق 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ھاۋا ھۇجۇمىدا پارتلاپ ۋەيران بولغان.

32-غار گېرمانىيىلىكلەر سالغان نومۇر تەرتىۋىدە 9-نومۇرلۇق غارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالىدىكى مەزمۇنلار ئاساسەن ياپونىيىلىك خىرانو ئەپەندىنىڭ «بېزەكلىك 9-نومۇرلۇق غاردىكى بېغىشلىما يېزىقلار ۋە قەسەم رەسىملىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش» （ベゼクリク第9号窟铭文による誓原図の考察） دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلدى[1]. بۇ غاردىكى فاخۇي （法惠） نىڭ ئۈچ خەنزۇ شاگىرتى ۋە قەسەم رەسىملىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ ھەقتە ئايرىم ئەسەر يېزىپ مەخسۇس بايان قىلغان⑤. ماقالىدە ئاۋۋال قەسەم رەسىملىرىنىڭ بىراھمى يېزىقىدىكى خاتىرىلەر مەخسۇس يېزىلىپ، بۇ خاتىرىلەر جاۋچۇڭمىن ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ جاۋ تەرجىمىسى دېيىلىدۇ)، يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «توپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنەيە شىپاگەرلىكى» نومىنىڭ 15-جىلدىدىكى تېكىستلەر بىلەن بېغىشلىما يېزىقلار ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان. تۆۋەندە قىسقارتىلىپ خەنزۇچە تەرجىمىسى دەپ ئاتالدى. ئاخىرىدا قوشۇمچە دېرگى نەشرى （德格版） دىكى تىبەتچە «ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر» （大三藏经） ۋە بېيجىڭ نەشرىدىكى «ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر» نىڭ خەنزۇچە نەشرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تىبەت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى دەپ ئاتالدى④ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ چىقىلغان.

**1. بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىكى قەسەم رەسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە**

قەسەم رەسىمى: ئاساسلىقى بېزەكلىك 32-، 23-غارلىرىدىكى ساكيامۇنىنىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدە (ئۆتمۈشتە) ساخاۋەتچى بۇددا （供养诸佛） بولغان ۋاقىتلىرىدىكى بۇددانىڭ ئۆرە تۇرغان ھالىتىدىكى سۈرىتىگە قارىتىلغان. لېكوكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق كىتابىتا خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزى بويىچە بىۋاسىتە ھېكمەت سۆزلەش دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بەزى مۇتەخەسسىلەر ساخاۋەت (تىۋىنىش) رەسىملىرى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە[2]. رەسىملەردە كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ مۆرىسى ئۈچۈق ئۆرە تۇرغان بۇددا، پۈتكۈل بەدىنىدىن نۇر

چېچەپ تۇرغان، نۇر چەمبىرىكى بار، باش قىسمىدىمۇ نۇر چەمبىرىكى بار، ئەتراپىنى شاگىرت، بۇتساتىۋا، ئاسمان مالا ئىكىلىرى ۋە ساخاۋەتچى تىۋىنغۇچىلار ئوراپ تۇرغان ھالەتتە سىزىلغان.

بەزى رەسىملەردە يەنە تۆگە، ئېشەك، ئات ۋە ئۆي، باغۇ-بوستان، قورۇ قاتارلىقلار سىزىلغان. پۈتكۈل رەسىمدە ئاساسەن قىزىل رەڭ ئاساس قىلىپ ئىنچىكە ھەم زىچ سىزىلغان. ئادەم ئوبرازلىرىنى يارىتىش ۋە كىيىم-كېچەك جەھەتلەردە روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۇرۇلگەن. مەرھۇم ليۇخۇڭلياڭ (柳洪亮) ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بۇ غار قوچو خان جەمەتىدىكىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بىنا قىلغان بالدۇرقى دەۋرىدىكى تەخمىنەن مىلادىيە 10-ئەسىرلەرگە تەۋە رەسىملىرىدۇر[2]. ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىس بەي جى كاڭيى （百济康义） ئەپەندى، بىر قەدەر كېيىن بولۇپ مىلادىيە 10-ئەسىردىن 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا دەپ قارايدۇ [3]. قەسەم رەسىملىرىگە ئالاقىدار ئەسلى مەزمۇنلارنى لىكوكنىڭ جاۋچۇگمىن ئەپەندى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «قوچو» ناملىق كىتابىدىن پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

بېزەكلىكنىڭ مىڭئۆيلىرىدىكى قەسەم رەسىملىرى ھەققىدە، گرۇنۋېدېل （格伦威德尔） ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى Die Altbuddhis tische kultstten inchinesisch Turkis tan, Berlin (1912) دا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، بېزەكلىك مىڭئۆيى 32-غاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى غارلارغىمۇ قەسەم رەسىمى سىزىلغان [4]. قوشۇمچە جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 23-غار[9] ۋە 32-غار ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، مەركىزىي خانىنى ئايلاندۇرۇلۇپ كارىدور ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈپتىن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. (1-، 2- رەسىمگە قاراڭ)

34~64-غارغىچە بولغان غارلار تۆت چاسا غارلار بولۇپ 47 - غاردىن باشقا ھەربىر غارنىڭ ئىككى يېنىدىكى تامغا 4~8 پارچىغىچە قەسەم رەسىمى سىزىلغان.





يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەسەم رەسىملىرىدىن باشقا يەنە ئەنگىلىيىلىك ستەيىن 3-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيىسى جەريانىدا ئوغرىلاپ كەتكەن بىرمۇنچە تام رەسىملىرى بار بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ف.خ. ئاندرېۋس（安德留斯）ئۇنى دۇنياغا ئېلان قىلغان. (F.H.Andrews: Wall Painting from Ancient Shrines'in Ceneral Asia London, 1948 (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تام رەسىملىرى دېيىلىدۇ.) ئۇنىڭ ئىچىدىكى 23-غارنىڭ تام رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېلان قىلىنغان. لىكوكنىڭ 2-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيىسى (1905-يىلى) ۋە گرۈنۋېدلىنىڭ 3-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيىسىدىن (1906-يىلى) كېيىن، ستەيىننىڭ 3-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيىسىدىن (1914-يىل)بۇرۇن، ياپونىيىلىك يېسونروگسەنلاڭ（野村荣三郎）، جۇرۇيچاۋ（桔瑞超）ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى (1909-يىل) ھەمدە جۇرۇيچاۋ جىچۇەن شىئاۋىيلاڭ (吉川小一朗) تەشكىللىگەن 3-قېتىملىق ئوتانى كوزوي (大谷) ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى (1912-يىل) قوچو (تۇرپان) غا كېلىپ نۇرغۇن كەمتۈك قەسەم رەسىملىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا قارا قوچونىڭ ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ A ئىبادەتخانىسى (ئېتىكاپخانىسى) دىن، B ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ E خانىسىدىن، سىڭگىم ئېغىزىدىكى 1-نومۇرلۇق ئىبادەتخانا خارابىسىدىن (Bericht uber archaologische Arbeiten In Idikut schari undumgebung, MÜnchen, 1906) ۋە لۇكچۇن (Lokchun) كىچىك ھاسا (kichik, - Hassar) ئىبادەتانا ئىزىدىن (Serndia, Dxfod ، 1912 ستەيىن) قەسەم رەسىملىرى بايقالدى.

ياپونىيە ئوتانى كۇزۇي ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرگەن بۇيۇملار ئوغرىلىقچە ياپونىيىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي تۆت ئورۇندا ساقلانغان يەنى - ياپونىيە ئوتانى جەمەتىدە（日本大谷家）، كوئۇن جەمەتىدە（久原家）ۋە چاۋشەن باش ۋالى مۇزېيى（总督）بىلەن دۆلەتمىزنىڭ لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلانغان. ياپونىيە ئوتانى ۋە كۇئۇن جەمەتى يىغىۋالغان بۇيۇملار كېيىن ئاسانلا مىساڭ جەمەتىنىڭ（木村家）قولىغا چۈشكەن، مىساڭ جەمەتى قولغا چۈشۈرگەن 10 پارچە ياكى دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ 6 پارچە دانىسى بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى بۇيۇملار ئىدى. لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملار ئىچىدە بېزەكلىك مىڭئۆي غارلىرىدىن يوقالغان بۇيۇملاردىن ئىككى پارچىسى بار. چاۋشيەندىكى قىسمىنى، كېيىن كورىيە مۇزېيى تاپشۇرىۋېلىپ ساقلىغان بولۇپ، سانى ئەڭ كۆپ، نۆۋەتتە 59 پارچە ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملارنىڭ 35 پارچىسى تۇرپاندىن ئېلىپ كېلىنگەن يوقالغان بۇيۇملار ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى[4].

**2. بېزەكلىك مىڭئۆيى 32-غاردىكى قەسەم رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ نوم - دەستۇرلاردا دەلىللىنىشى**

32-غار بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، (1-رەسىمدىكىدەك)، تەكشىلىكتىكى يۈزى ئاساسەن تۆت چاسا بولۇپ، مەركىزىي خانە ۋە ئايلانما كارىدوردىن تەشكىل تاپقان. تاش غارنىڭ

شەرقىدىن ئىشىك ئېچىلغان. لىكوك قېزىش ئېلىپ بارغاندا، ئالدى خانە، مەركىزىخانە ۋە ئايلانما كارىدورلارنىڭ تورۇسلىرى ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. قېزىش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، مەركىزىي خانە ياي شەكىلدىكى ئەگمە تورۇسلۇق ، ئالدى خانە ۋە ئايلانما كارىدور، ئەگمە تورۇسلۇق (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق كىتابتا )بولۇپ، 23-غارنىڭ مەركىزىي خانىسى ۋە ئايلانما كارىدورنىڭ تورۇسلىرىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

1-رەسىمدىكى 16~33، 34 لەر بولسا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان لىكوكنىڭ «قوچو» ناملىق كىتابىدىكى رەسىملەر رەت نومۇرى، (لىكوكنىڭ «chotscho» بىلەن ئوخشاش)، (1) ~ (15) لەر قەسەم رەسىملىرىنىڭ رەت نومۇرى، A~K لەر بولسا ئاندرېۋس ئەسىرىدە ئېلان قىلغان رەسىملەرنىڭ ئورۇن خاتىرىسى (نومۇرى).

1. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى17-رەسىم، چۈشەندۈرۈلۈشى 77~78 -بەتلەردە :

//Upasthito brâhmanena mahendro lokanâyakab Jyenatâkakarmaṇâ ga [ndhaib] kâlenagaruñ̃a tathâ Vihâraṃ krṭvâ sarvai ca upasthânai nimantrita.//

جاۋ تەرجىمىسى: براھمانلار ھور- بارلىق ھامىمالارنى (مۇنچا - تەرجىماندىن)، خۇش-پۇراقلىق كۈجە ئىسرىق ۋە مۇشكى ئەنبەرلەرنى تەييار قىلىپ دەھرىي ئالەم خانى (پانى ئالەم خانى - ت ) ماھەندىرۇ (قۇتقازغۇچى مەھدىنى دىمەكچى بولسا كېرەك - تەرجىماندىن) (马汉德拉) دىن خەۋەر ئالماق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىلەردىن قالغان بىر ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئەڭ يۇقىرى ئىززەت ئىكرام ۋە چىن كۆڭلىدىن ئۇنى تەكلىپ قىلدى.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

دۆلەت ئاتىسى بولغىنىمدا مەن،

我曾作国王

تەييارلىدىم خۇش پۇراقلىق ئىسسىق سۇلارنى

以浴室香汤

بۇددانىڭ نامى برەھمە پارىن

有佛名梵志

ماقۇل قىلدىم يۇيۇندۇرۇشقا بورھانىمنى

依时沐浴佛[5]（P74）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

مەن براھمان ۋاقىتلىرىمدا ئىللىتىش خانىسى (مۇنچا ؟)، مۇشكى ئەنبەر ۋە كۈجىلەرنى سەدىقە (ساخاۋەت) قىلدىم، ھەمدە ئېسىل مىڭئۆيلەرنى سېلىپ ھەممىنى دەھرى ئالەم خانى ماھەندىروغا سەدىقە قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ (كىتاب قاچىلانغان) قاپ نومۇرى 277 ~ 276b6 ، فاكسىمىل بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام 223 ~ 222d2).

بۇ رەسىم 23-غاردىكى 7 - ئورۇندىكى براھماننى مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىپ سىزىلغان، ئوڭ تەرەپ (غەربىي تام ئوڭ ئاستى تەرىپىدە) تە پەتنۇس كۆتىرىۋالغان بىر براھمان قارشى تەرەپتىكى ئىككى براھمان بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان بولۇپ، ھۆرمەت بىلەن پەتنۇسنى كۆتىرىپ ساخاۋەت قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرسىتىلگەن. ئوڭ تەرەپ

ئۇستىدىكى ئىمارەت بولسا جاۋ تەرجىمىسىدىكى ئىبادەتخانا ۋە تىبەتچە تەرجىمىسىدىكى ئېسىل ئۆي- خانىلەرنى كۆرستىدۇ.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×2.0 مېتر.

2.خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 18- رەسىم، چۈشەندۈرۈلۈشى 79~ 80- بەتلەردە.

//Tamon[u]do mahâbhâgo rûjabhûtena Pûjitaḥ Nânâratnavịcitrena tulena pratipâditaḥ//

جاۋ تەرجىمىسى:

تامونودو (塔莫努达) ناھايىتى ئاللىيجاناپ زات بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى، پادىشاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن نەپىس گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن بىر يۇمۇلاق يەلپۈگۈچنى (团扇 tula ؟) سوۋغا قىلدى.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

دۆلەت ئاتىسى بولغىنىمدا مەن

我曾作国王

تەييارلىدىم ئېسىل گۆھەرلەرنى

以妙色珍宝

بورھان نامى كامالەت تاپقۇچى،

有佛名住修

ساخاۋەت قىلدىم نەغمە-سازىمنى.

音声而供养[5]（P74）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

مەن ئىلىگ خاقان ۋاقتىمدا بەخت تەلەيلىك، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىپ كەلگۈچىنىڭ (تامونۇدۇ بۇددا) يېنىغا بېرىپ تۈرلۈك گۆھەر - جاۋاھىراتلار ۋە ئېسىل ساز-مۇزىكىلارنى ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 276b5، فاكسىمىل بېيجىڭ نەشرى، 41 توپلام 222c8~d1)

بۇ رەسىم 23-غاردىكى 8-ئورۇنغا مۇناسىپ ھالدا ئاساسى تېما قىلىپ سىزىلغان. ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى تىزلىنىپ تۇرغان ساخاۋەتچى ئىلىگ خان، ئوڭ-سول تەرەپلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن تۇغ - ئەلەملىك گۆھەر كۆنلۈك كۆتىرىۋالغۇچىلار سىزىلغان. جاۋنىڭ تەرجىمىسىدىكى «يۇمۇلاق يەلپۈگۈچ» پىڭ يې (平野) تەرجىمىسى ھەمدە تىبەتچە تەرجىمىلىرىدە ئوخشاش ھالدا «مۇزىكا ئەسۋابى» ۋە مۇزىكا ساخاۋەت قىلىش دەپ قارىلىدۇ، «ساز»، «مۇزىكا»، ساخاۋەت قىلىش بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى ئەسلى ئەسەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، بىراق رەسىمدە مۇزىكا ئەسۋابلىرى كۆرۈنمەيدۇ. يەنە “Tamonuda” «قاراڭغۇلۇقنى بىتچىت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، پالى تىلىدىكى (巴利语) ، بۇددانىڭ باشقىچە سۈپەتلىنىشى، تىبەتچە تەرجىمىسىدە «قاراڭغۇلۇقنى قوغلاش» دېيىلگەن. ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×1.9 مېتر.

3.خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 19-رەسىم، چۈشەندۈرۈلۈشى 81-82-بەتلەردە.

//Tatraiva nagare ramye śikhinâmâ yaśasvi Sambuddhaḥ śresṭhibhûtena vahârai pujito mayâ//

جاۋ تەرجىمىسى:

ئۇ يەردىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان شەھەردە، مەن، بىر چوڭ كاتتا سودىگەر،

نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ يۈكسەك شان-شەرەپلەرگە ئىگە راتناسكى بورھان (尸弃佛) غا ساخاۋەت قىلدىم.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

يۇرت كاتتىلىرىدىن بولغىنىمدا مەن،
我曾作长者
تاۋاپ قىلدىم راتناسكى بۇرھانىمنى.
供养户弃佛
ئاجايىپ ھەيۋەت ئاشۇ شەھەردە،
于彼大城中
سالدىم ساگرام، ساراي بۇت مۇنارىنى.
建立寺舍塔[5]（P24）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

مەن كارۋان بېشى (سودىگەر) بولغان ۋاقتىمدا، ئاشۇ شاد-خوراملىققا تولغان شەھەردە، ئېسىل سارايلارنى سېلىپ جاھانغا نامى مەشھۇر بولغان راتنىاسكى بورھانغا ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 2~277al فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41 توپلام 222d4)

بۇ رەسىم 23-غاردىكى 9-ئورۇندا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان. يەنە 10-غاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ پۇچۇقلىرى (پارچىلىرى) بىلەن (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» 36-رەسىم) بۇ رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئاستىدىكىسى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. 53-غاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ پۇچۇقلىرى (پارچىلىرى) (Wall Painting, Pl, xxxvi. Bez. ix. A) بىلەن بۇ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. رەسىمدىن بېغىشلىمدا بايان قىلىنغان، كارۋان بېشى ۋە ئاق ساقال سىياقىدىكى ئادەم ئوبرازلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. راتناسكى بورھان ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكىسى بولۇپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوم پۈتۈكلەردە (持髻) (项髻) (最上) (火首) (作火) (有髻) 胜 دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×1.95 مېتىر.

4. لىكوكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەسىنىڭ 20-رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى 83-84-بەتلەرگە بېرىلگەن:

//Kṣemaṃkaro narâdityo râjabhûtena pûjitaḥ jyentâkakarmaṇâ gandhai [h]Kâlenagaruṇâ tathâ vihârâṇâ ṃ sahasrais tu ṣaṣṭibhi sa nimantritaḥ.//

جاۋ تەرجىمىسى :

كېسىمامكارا، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ قۇياشى، پادىشاھ پارلىق مۇنچا، كۆجە-ئىسرىق ۋە قارا رەڭلىك مۇشكى ئەنبەر تەييارلاپ ئۇنىڭغا ساخاۋەت قىلدى، يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن 60 مىڭ ئېغىز تۇرالغۇ خانىلارنى سالدى.

«سەرۋاستىۋادە شىپاگەرلىكى» (有部药事) دا بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان نوم تېكىستى ئۇچرىمىدى.

بۇ رەسىم 23-غاردىكى 1-ئورۇندا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان، «قەسەم» رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئاستىدىكى ئىمارەت، ئىلگ بەگ خانىنىڭ ساخاۋەت قىلغان ئېسىل ئۆي-خانىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ بىرى بولغان كېسىمامكارانىڭ نامى « » (撰集百缘经) نومىنىڭ 19-جىلدىدا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدا «بارا ناس ئېلىدىكى

بۇددانىڭ تەركىدۇنيا بولغاندىكى نامى (تەخەللۇسى) چامو (差摩 كېسېمامكارا) بولۇپ، ئۇ بىر نەچچە پانچىك (比丘 بىكشۇ، راھىب) نى باشلاپ باۋشىڭ ئېلىدىكىلەرنى (宝胜国) بۇددىزمغا دەۋەت قىلىپ زىيارەتكە كەلدى. ئىلىگ بەگ خاننىڭ ئىسمى گاكى (伽翅) ئىدى. ئۇ ئىززەت ـ ئىكرام ۋە مېھرى ـ شەپقەت بىلەن بۇددادىن ئۆزىنىڭ ساخاۋىتىنى (ئىستىقامىتىنى) قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. بۇددامۇ ماقۇل كۆردى. بىرقانچەيلەن بىرگە ئېسىل تائاملارنى ئېلىپ ساخاۋەتكە كەلدى. ئۆزىنىڭ بۇددىزم قائىدە ـ نىزام ھېكمەتلىرىدىن (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «دادام» دېيىلگەن، ـ ت) ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى. بۇددا، ئىلىگ بەگ خانغا تۈرلۈك بۇددا ھېكمەتلىرىدىن ۋەز خانلىق قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ دىلى يورۇپ، ھېكمەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇددا ئالدىدا، ھەممىدىن ئۈستىن تۇرىدىغان بۇددالىق يولىنى تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇددا قوبۇل كۆردى. كەلگۈسى ئالەمدە بۇددالىققا ئېرىشتى، نومدىكى بايانلار بىلەن «تۈپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنايە شىپاگەرلىكى» دىكى بۇددانىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدىكى ساخاۋەت ئىستىقامەتلىرى ئىلگىرىكى بۇددالارنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدىكى بايانلار ئاساسەن ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇددانىڭ ئىلىگ بەگ خانىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ تام رەسىمى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا خىلاپ كېلىدىغان جايلار يوق.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×2.27 مېتىر.

5. لىكوكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەسىدىكى 21 ـ رەسىم چۈشەندۈرۈلۈشى 85 ـ 86 ـ بەتلەردە بېرىلگەن:

// Narendreṇa mayânanda - siṃba siṃhaparâkrama cchatreṇa ratnadaṇḍena pûjito narap[u]ngavaḥ//

جاۋ تەرجىمىسى:

مەن بىر مەنسەپدار، بۇ دەستىسى گۆھەردىن ياسالغان كۈنلۈكنى ساخاۋەت قىلىپ ئۆزەمنىڭ كۈچ قۇدرەتلىك ئارسلاندەك ئانەندە (阿难僧伽 راھىب ئانەندە)

ـ بۇ بۇققىدەك ئەركەككە ئىخلاس قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

دۆلەت ئاتىسى بولغىنىمدا مەن ،

人曾作国王

گۆھەردىن ياسالغان كۈنلۈكنى مەن.

我以宝幢盖

ئارسلان (شىر) ناملىق بۇدداغا،

佛号超狮子

ساخاۋەت قىلدىم شۇ تەتاگە تاغا.

供养此如来[5] (P74)

تىبەتچىدىن خەنزۇچىغا قىلغان تەرجىمىسى:

ئانەندە، مەن ئىنسانلارغا شاھ بولغان ۋاقتىمدا نەقىش چۈشۈرۈلگەن ئەنگۈشتەر دەستىلىك كۈنلۈكنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئارسلانغا (بۇدداغا) ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 27665~6، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى، 41 ـ توپلام 2 ~ 222dl).

بۇ رەسىم 23 ـ غارنىڭ 2 ـ ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسى تېما قىلىپ سىزىپ چىقىلغان، ھەممىدە Wall painting, Pl. xvi, Bez. iii. Aa بىلەن سول تەرەپ

ئۇستۇنكى قىسمىدىكى كەمتۈك پارچىسى ماس كېلىدۇ، سول تەرەپ ئاستىدا تىزلىنىپ تۇرغان بۇتساتىۋا ئۇستىدىكىسى پەناكا (تۇغ-ئەلەم) كۆتىرىۋالغان ئۇڭ تەرەپ ئاستىدا ئىككى شاھ سۈپەت ئادەم ئوبرازى كۆنلۈك كۆتىرىۋالغان بولۇپ، بۇ «سەرۋاستى ۋادە شىپاگەرلىكى» دىكى بايان قىلىنغان كۆنلۈك بىلەن بىردەك. سول تەرەپ ئاستىدا بىر نەپەر تىزلىنىپ تۇرغان ئادەم ئوبرازى سىزىلغان بولۇپ، لىكوكنىڭ قارىشىچە بۇ رەسىم ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى ئىكەن.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×2.36 مېتىر.

6. لىكوكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەسىدىكى 22-رەسىم، چۈشەندۈرۈلۈشى 87-88-بەتلەردە:

// Hastyasvena suvarṇena nâribhi ratnamuktibhiḥ ṣaṇṇâṃ jinânâṃ pujârtham udyânam śreṣṭhrnâ kṛi-taṃ //

جاۋ تەرجىمىسى:

ئالتە بۇدداغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ قىز-ئايال چوڭ سودىگەر پىل، ئات-چارۋا، ئالتۇن-يامبۇ، قىز-دېدەك، گۆھەر ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلىرىمنى چىقىم قىلىپ بىر جەننەت كەبى چار-باغ ياساپ ھەدىيە قىلدىم.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ساخاۋەتتە بولدۇم يەتتە بۇرھانىغا

其寺供七佛

ئەر-ئايال چاكارلانىمۇ ھەم

及与奴婢等

تەقدىم ئەتتىم ئۈنچە مەرۋايىت گۆھەرلەرنى،

奉施珍宝具

ھويلا-ئارام، باغ-ۋارانلىرىمنى ھەم.

庄宅花园林[5] (P74)

تىبەتچىدىن خەنزۇچىغا قىلىنغان تەرجىمىسى:

مەن كارۋان بېشى بولغان ۋاقتلىرىمدا، پىل، ئات، ئالتۇن، ئاياللار ھەم گۆھەر ياقۇت ئېسىل تاش زىننەت بۇيۇملىرىنى، ياساپ چىققان باغۇ-بوستانلىقمنى ئالتە نۇسرەت ئاتا قىلغۇچىغا ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 277a2، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام 222d5).

بۇ رەسىم 23-غارنىڭ 10-ئورنىدا (تۆۋەندىكى يېرىم قىسمى پۇچۇلۇنۇپ يوقاپ كەتكەن) مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىپ چىقىلغان. 45-غاردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەسەم رەسىمى سىزىلغان. ئوتتۇرىدىكى بۇددانىڭ تۆۋەن تەرەپ ئوڭ ۋە سول تەرەپىدىكى ئىككى ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمنى ياپونىيىكلەر ئوغرىلاپ كەتكەن («غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە ئاتلىسى» رەسىملىك 14)، بەزىلەر ئىككى ساخاۋەتچى 20-غاردىكى رەسىم دېيىشمەكتە (كوماۋتو «گۈزەل-سەنئەت تەتقىقاتى» 126-سان). بۇ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا غۇزچە بۆك كەيگەن، ئۇزۇن ساقال-بۇرۇتلۇق، تىزلىنىپ تۇرغان ئىككى ئەر ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ھەربىرى پەتنۇس كۆتىرىۋالغان، پەتنۇس ئىچىدىكى يەتتە خالتىغا قاچىلانغان نەرسىنى بۇدداغا ساخاۋەت قىلىۋاتقان ھالىتى سىزىلغان. سول تەرەپ ئاستىدا بىر ئۇزۇن ساقال-بۇرۇتلۇق ئەرنىڭ تىزلىنىپ تۇرغان ھالىتى، يان

تەرىپىدە بىر تۈگە، بىر ئات بولۇپ، بېغىشلىمىسىدا ئاق ساقال (Sresthin 长者) مويىسىپىت) دېيىلگەن بولسىمۇ، تام رەسىمدە گەۋدىلەندۈرۈلگىنى خەنجەر ئاسقان ياساۋۇلدىن ئىبارەت.

رەسىمنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ سول تەرەپلىرى پۇچۇلۇپ كەتكەن.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×2.80 مېتىر.

7. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 23 - سۈرەت. چۈشەندۈرۈلۈشى 89 - 90 - بەتلەردە:

//drsṭṿâ dipaṃkaraṃ buddhaṃ
dyutimantaṃ yaś asvinam
nilapadmai pujitavâṃ saptabhir
mâṇavas tadâ dvitiyasaṃkheyâva
[Sâna]//

جاۋ تەرجىمىسى:

بۇ ياش براھمان، دىپەنكەرە بۇددا (燃灯佛) نى - بۇ نۇسرەت بىلەن تولۇپ تاشقان ئابرويلۇق بۇددانى - كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەتتە تۈرلۈك نەرسىنى يەنى كۆنجۈت نىلۇپەر (پەرما - ت) قاتارلىقلارنى ساخاۋەت قىلدى.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

كۆرگۈنىمدە دىپەنكەرە بۇددانى:
次见燃灯佛
نىلۇپەردىن ئېلىپ رەڭمۇ-رەڭلىرىنى
以七青莲花
شۇنچە ئابرويلۇق ئەزىزىمگە،
多闻甚可爱
ساخاۋەت قىلدىم براھمە چارىنىگە.
作梵志持供[5] (P74)

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

براھمان چاغلىرىمدا ئىلىم ۋە ئابروينى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن دىپەنكەرە بۇددا بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى. قائىدە بويىچە خىلمۇ-خىل (يەتتە خىل) نىلۇپەردىن ئېلىپ ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 276b4، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41 - توپلام 222c7~8).

بۇ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدا ئۇزۇن چاچلىرى يەرگە يېيىلىپ تۇرغان، بەش ئەزاسىنى يەرگە تەككۈزۈپ باش ئۇرۇۋاتقان براھمانىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى ئۆرە تۇرغان، بۇددا ئوڭ قولىدا گۈل تۇتۇۋالغان، سول قولى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرغان ھالەتتە، بۇ تەپسىلاتلاردا دىپەنكەرە بۇددا بىلەن براھمان ئوتتۇرىسىدىكى خاتىرىلەر بايان قىلىنغان. بۇ رەسىم 23 - غارنىڭ 11 - ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسى تېما قىلىنىپ سىزىلغان، ھەمدە بۇددانىڭ ئالدىدىكى براھمانىنىڭ يېيىلىپ تۇرغان ئۇزۇن چېچى رەسىمى قوچو قەدىمكى شەھىرى a خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ قاپارتما ھەيكەللەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

(Serindia, vol.iv, Pl.cxxvii, left, (1 Mi.ix.oo گەندارە (健陀罗) ۋە دۇنخۇاڭدىن بايقالغان شايى رەختكە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسىدە دىپەنكەرە بۇدداغا ئالاقىدار ھېكايىلىك رەسىملەر سىزىلغان بولۇپ، رەسىملەردە براھمانىنىڭ بۇددانىڭ ئالدىدا يېيىلىپ تۇرغان ئۇزۇن چېچى مەنزىرىسى ماسلاشتۇرۇلۇپ سىزىلغان. شۇەنزاڭ ۋە فاشىيەنىڭ قىسسىلىرىدە بۇتسىتاۋانىڭ

ناگاخارا ئېلىدە (那揭国) كۆمۈش تەڭگىگە 5 تال نىلۇپەر سېتىۋېلىپ دىپەنكەرە بۇدداغا ساخاۋەت قىلغانلىق ئىش ئىزى خاتىرىلەنگەن.

دىپەنكەرە بۇددا، جەنۇبقا تارقالغان ئىلگىرىكى 24 بۇددانىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنى ئالدىنقى ئۆمرىدە دىپەنكەرە بۇددانىڭ ئالدىدا قەسەم بېرىپ، بۇددالىق يولىنى تۇتقان («تۆت بۇلۇڭ ۋىنەيە» "四分律"31-جىلد)، ھەمدە ساكيامۇنىنىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدە ھەرقايسى بۇددالار ئالدىدا ئىستىقامەت قىلىپ ساخاۋەت قىلىشقا كېيىنكى كىشىلەر داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغان («مەھاۋىباشا شاستىرە، "大田比婆沙论" 178-جىلد).

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×2.75 مېتىر.

8. لىكوكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 24-رەسىم، چۈشەندۈرۈلۈشى 91-92-بەتلەردە:

//Pujito maṇiratnena sunetro
lokanâyaka vihâreṇa ca
ramyeṇa śreṣṭhibhûtena
me tadâ.//

جاۋ تەرجىمىسى:

مەن بىر چوڭ سودىگەر، بۇ يەردىكى گۆھەر-ياقۇتلارنى ئىشلىتىپ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر ئىبادەتخانا سالدۇردۇم، ئۇنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ خوجىسى خەيرلىك نەزەرچى (مەتەدا 目王) گە سەدىقە-ساخاۋەت قىلدىم.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

تەييارلىدىم ئېسىل تاش-گۆھەرلەرنى
我以摩尼宝
يۇرت ئاتىسى بولغىنىمدا شۇ يۇرتقا
曾作长者时
بۇرھانىم نامى خەيرلىك نەزەرچى،
有佛名善眼
ساخاۋەت قىلدىم شۇ مەتەدا تاغا.
供养此如来

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

مەن سودىگەرلەر بېشى بولغان ۋاقتىمدا (كارۋان بېشى) ئېسىل گۆھەر-تاشلارنى پانى ئالەمدىكى ئۇستاز (ئاچارىيە) خەيرلىك نەزەرچىگە ساخاۋەت قىلدىم. ھەمدە ئېسىل ئۆي-خانىلەرنىمۇ خوشاللىق بىلەن ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 4 ~ 277a3 ، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام 222d6~7).

بۇ رەسىم 23-غارنىڭ 12-ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان. رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدا سول تېزى بىلەن تىزلىنىپ، پەتنۇس كۆتۈرۈپ تۇرغان ساخاۋەت قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئوبرازى بار. بېغىشلىمىدا دېيىلگەن ئاقساقال رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خانزادىگە ئوخشايدۇ. رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئۈستى ۋە سول تەرەپ ئاستى تەرەپلىرى پۈچۈلۈنۈپ كەتكەن.

9.خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» رەسىملىك مەجمۇئەسىدىكى 25-رەسىم چۈشەندۈرۈلۈشى 93~94 - بەتلەردە:

//râjna sutâham abhûvan pûrvam
anyâsu jâtiṣu bhr[ata]raṃ ratnaś ikhi
saṃ dipataila upasthitaḥ.
prathamâsaṃkheyâvasâna.//

جاۋ تەرجىمىسى:

بۇ بىر بۆلەك سانسكرىتچە تېكىستە خاتالىقلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن تەرجىمە قىلمىدىم.

ياپونچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئۆتمۈشتە، ئۇ شاھزادە بولۇپ تۆرەلگەندە، قېرىندىشىمىز (دىندىشىمىز) راتناسكىن (Ratnasikhin 宝光佛) بۇددىغا چىراق ساخاۋەت قىلغان ئىدى.

بىرىنچى ئاسانكى (阿僧劫 سان-ساناقسىز) مەزگىلدە ئاخىرلاشتى.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئۆتمۈش زامان ئالەمدە

乃住过去世

راتناسكھىن بۇددىغە

宝髻佛况弟

شاھزادە ئوغلان چېغىمدا

曾为王子时

چىراق سەدىقە قىلدىممەن.

我以要明施[5]（P73）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى

ئۇ ئۆتمۈشتە مېنىڭ شاھزادەم بولۇپ تۆرەلگەن زاماندا بۇرادىرىمىز راتناسكھىنگە چىراق ساخاۋەت قىلدى.

(دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 276a5~277 ، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام 222c1).

بۇ رەسىم 23-غارنىڭ 3-ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان. ئۇنىڭ تەرەپ ئاستىدا شاھزادە سۈپەت ئادەم ئوبرازىنىڭ بىر تىزى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ شامدانىنى كۆتۈرۈۋالغان ھالىتى، 23-غاردىكى تام رەسىمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرەتلەر «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە ئاتلىسى» (12-15-بەت) دە بېرىلگەن.

راتناسكھىن بۇددا ئۆتكەن زامان بۇددالىرىدىن بولۇش بىلەن بىرگە «تۆپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنەيە شىپاگەرلىكى» نومى 6-جىلدىدا ئۇچرايدۇ. نومدا ئۇ ئوتتۇرا ئەنەتكەكتىكى ۋاساۋا (摩娑婆 Vasava) ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولۇپ، كېيىن ئۆيدىن تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ ئىستىقامەت قىلىپ راتناسكھىن بۇددالىق مەنزىلگە ئېرىشكەن.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×3.05 مېتر.

10. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» رەسىملىك مەجمۇئەسىدىكى 26-رەسىم چۈشەندۈرۈلۈشى 95-96-بەتلەردە:

//uttaro mâṇavo’ bhûvaṃ
kâś́yapo dvipadottameN[and]i[p]
lâvaca s rutvâ pravrajyâyâ
kṛtâmatiḥ tṛ-tiyâsaṃkheya -
sarvaguṇâbhyâsâvasânaḥ.//

جاۋ تەرجىمىسى: بۇ بىر بۆلەك سانسكرىتچە تېكىستتە خاتالىقلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن تەرجىمە قىلمىدىم.

ياپون تىلىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئۆتمۈشتە مەن راھىب جىنە پۇترە (最胜) بولغان چېغىمدا، راھىب مىلاراسپا (闻喜) نىڭ دالالىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر كاشيەپە (迦叶) بۇددانىڭ يېنىدا تەركىدۇنيا بولۇپ ئىستىقامەت قىلىشقا ئىرادە باغلىغان. ئۈچىنچى ئاسانكى (阿僧劫) مەزگىلدە پۈتۈن نىيەت ئىخلاسى بىلەن ئىستىقامەتنى تاماملىدى.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

چارىنىڭ نامى جىنە پۇترە ئىدى

昔为梵志名最胜

مىلاراسپانىڭ دالالىتى بىلەن

由闻喜护所说语

باردى شۇ كاشيەپە بۇددا يېنىغا

于两足尊迦叶

تەركىدۇنيالىق ئىستىقامەت يولى بىرلەن

乃得出家修净意[5]（P75）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى :

مەن جىنە پۇترە، ياش براھمان چاغلىرىمدا راھىب، مىلاراسپانىڭ دالالىتى بىلەن ھۆرمەتلىك كاشايەپە بۇددانىڭ يېنىدا تەركىدۇنيالىق ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئىرادە باغلىدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 279a1 ، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام، 223c1~2).

بۇ رەسىم 23-غارنىڭ 4-ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسى تېما قىلىنىپ سىزىلغان. يەنە 45-غاردىكى تام رەسىم پارچە سۇنۇقلىرىدىمۇ بۇ رەسىمگە مۇناسىپ ھالدا رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئۈستىدىراق ئورۇن بېرىلگەن.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى: 3.25×3 مېتر.

11.خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» رەسىملىك مەجمۇئەسىدىكى 27-رەسىم چۈشەندۈرۈلۈشى 97~98-بەتلەرگە بېرىلگەن:

// vâsiṣṭhasyâgamanaṃ ś rutvâ
ś reṣṭhi pritimanabhâvat
udyânaṃ maṇḍayitvâ ca
vihâraṃ kârayâmy aham. //

جاۋ تەرجىمىسى:

بۇ سودىگەر بىر باغ ياسىدى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پاتەكەنىڭ (婆师) بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، - مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ كىشلەرگە بىر ئىبادەتخانا سالغۇزىمەن - دېدى.

خەنزۇچە تەرجىمىسى :

ئىلگىرى سودىگەر چېغىمدا

昔为商人时

نىيەت قىلغان ساڭرام سېلىشنى

欲来造寺舍

پاتەكە بۇددانىڭ نامىنى ئاڭلىدى.

闻佛名净住

گۈللۈكتە تۇرغان ئىخلاسمەن ۋىخارو

园苑田比河罗[5]（P75）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى :

مەن كارۋان بېشى (سودىگەرلەر ئاقساقلى - ت) بولغان چېغىمدا پاتەكە بۇددانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باغچىنى تۈزەشتۈرۈپ بېزىدىم. ئىبادەتخانا، خانىلارنى ياساتتىم.

بۇ رەسىم 23- غارنىڭ 13-ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان، رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا ئىككى قولىدا كىيىم كۆتۈرۈۋالغان قېرى راھىب، ئۈستىدە ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرغان، ئالماس ۋەجىرە دەررە مۇئەككىلىنى (金刚神) ئېلىۋالغان راھىب، سول تەرىپىگە ئالقانلىرىنى جۈپلەپ تۇرغان ئادەم ۋە راھىبلار سىزىلغان بولۇپ، پەقەت بېغىشلىمىدىكى ئاقساقالنىلا كۆرگىلى بولمايدۇ. پېك يېشى ئەپەندى بۇ رەسىم بىلەن بېغىشلىما بىردەك ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×1.8

مېتر.

12. بۇ رەسىم لىكوكنىڭ ئەسلىدىكى «قوچو» دېگەن ئەسىرىدە بېرىلمىگەن. ئەسلى ئەسەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 12 ـ رەسىم 23 ـ غارنىڭ 14 ـ ئورنىدا مۇناسىپ هالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان، ئاندرېۋسىنىڭ (安德留斯) تام رەسىملىرى ( Wall Painting) دە، 23 ـ غاردىكى بۇ رەسىمنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنىڭ ئۈستى قىسمىدا بارلىقى خاتىرىلەنگەن.

13. بۇ رەسىم لىكوكنىڭ ئەسلىدىكى «قوچو» ناملىق ئەسىرىدە بېرىلمىگەن:

//ṛṣibhûto hy upâtiṣṭhaṃ[s]...
Trelokanâyakam valkalena
manâpenâcchâdito...nâ mayâ//

ياپون تىلىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئىلگىرى مەن ئارزى (ئەۋلىيا، پەرىشتە ـ ت) چاغلىرىمدا ئۈچ لوگىيە (ئۈچ قات ئالەم ـ ت) ئاچارىيەسى (ئۇستازى ـ ت) خەيرلىك نەزەرچى (善眼) بەگەۋەتكە ناهايىتى خوشاللىق بىلەن ئۇنى كىيسۇن دەپ دەرەخ قوۋزىقىدىن (پوستىدىن) قىلىنغان كىيىم ساخاۋەت قىلدىم.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

پەرىشتە چاغلىرىم، بورۇنسىدا
往昔作仙人
دەرەخ پوستىدىن قىلىنغان كىيىمنى
以著树皮衣
كۆرگىنىمدە خەيرلىك بەگۋەتنى
见善眼世尊
ساخاۋەت قىلىپ يېپىندۇردۇم تونىنى
持施覆其身[5]（P74）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئارزى (پەرىشتە) چاغلىرىمدا، دەهرى ئالەم (پانى ئالەم ـ ت) ئاچارىيەسى خەيرلىك نەزەرچىسىگە مەن ناهايىتى خوشاللىق بىلەن ئۇ بەگەۋەتنىڭ (هۆرمەتلىكنىڭ ـ ت) كىيىشى ئۈچۈن دەرەخ قوۋزىقىدىن قىلىنغان كىيىمنى ساخاۋەت قىلدىم. (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 276a2 ، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41 ـ توپلام 222c5).

لىكوكنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رەسىم 23 ـ غارنىڭ 15 ـ ئورنىدا مۇناسىپ هالدا ئاساسى تېما قىلىنىپ سىزىلغان.

14. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 28 ـ رەسىم، چۈشەندۈرۈلۈشى 99 ـ 100 ـ بەتلەردە:

//aṅgirasaṃ aham dṛṣṭvâ
nadidiram upâgatam
sârthavâhena me nâvâ
nadyâm uttarito munim.//

جاۋ تەرجىمىسى:
مەن ئۆز ۋاقتىدا
[具力（央者罗）] نىڭ دەريا بويىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، مەن ـ بىر سودىگەر ـ كېمەم بىلەن مانىنى (牟尼) دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

خەنزۇچە تەرجىمىسى:
دەريادىن ئۆتمەكنى ئىزدىگەندە بورهان،
有佛欲渡河

كۆرۈپلا تولدى كۆڭۈل، شاتلىققا شۇئان.
见我心欢喜
بولغان ئىدىم شۇ مەھەللىدە كېمىچى مەن،
我曾作船师
يەتكۈزگەندىم بورھاننى قىرغاققا مەن.
渡佛到彼岸

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

كېمىنىڭ بېشىدا تۇرغان ۋاقتىمدا [车支（佛）] بورھاننىڭ دەريا بويىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، (دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 277b3 ، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام 222e5)

بۇ رەسىم 23-غارنىڭ 5-ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ سىزىلغان، ئاقساقالنىڭ بېشى سول تەرەپتىكى كېمىگە (سال-ت) غا قارىغان، سول تەرەپ ئاستىدا ئۇزۇن ساقال - بۇرۇتلۇق، باش كىيىم كىيگەن، پەتنۇس كۆتۈرۈۋالغان بىرى بولۇپ، پەتنۇس سەدىقە - ساخاۋەت بۇيۇملىرى بىلەن توشقۇزۇلغان، ئۈستىدە ئۇزۇن ساقال - بۇرۇتلۇق ئىككەيلەننىڭ قوللىرىنى جۈپلەپ تىۋىنىۋاتقان ھالىتى سىزىلغان. ئوڭ تەرەپ ئاستىدا يۈك-مال ئارتىلغان تۆگە ۋە ئېشەك سىزىلغان، ئۈستىگە قوللىرىنى جۈپلەپ، پەتنۇس كۆتۈرۈۋالغان ساخاۋەتچىلەر ھەم بۇتساتقۇچى قاتارلىقلار سىزىلغان.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى: 3.6×2.3 مېتر.

15. لىكوكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 29-رەسىم چۈشەندۈرۈلۈشى 101-102-بەتلىرىدە:

//[vibhi]vat pùjita buddh(o)...
[Puna manora-thaḥ] dharmarâjya
[ṃ] ca me (prâptaṃ râ) jabhûtena
śraddhayâ.//

جاۋ تەرجىمىسى:

بۇ تام رەسىمنىڭ غارنىڭ تۇرۇس قىسمىدىكى بىزەلگەن قىسمىنىڭ كۆپ قىسمى چىقىلىپ كەتكەن، بېغىشلىما رامكىسى ھەم ئۈستى تەرەپكە يېزىلغان سانسكرىتچە يېزىقلارمۇ ئۆچۈپ يوقالغان.

ياپون تىلىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئۆلگ خان ۋاقتىمدا چىن كۆڭلۈمدىن مانوراتا（麻努拉塔佛） بورھانغا ئىخلاس-ساخاۋەتلەردە بولۇپ دەرمە راجە（法王） ئاتالدىم.

خەنزۇچە تەرجىمىسى :

ئۆلگ خاقان ۋاقتىمدا مەن،
我借为国王
جىمى شاتلىق نىسىپ بولغان.
满足皆随喜
ھەرخىل ساخاۋەتلەر قىلىپ بورخانغا،
种种供养佛
مۇنار تىكلەپ دەرمە راجە ئاتالغان.
起塔名法王[5]（P75）

تىبەتچىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

(مەن) ئۆلگ خاقان ۋاقتىمدا كامالەت بورھانغا (圆满佛) نەغمە سازلاردىن ساخاۋەتلەر قىلىپ، دەرمە راجە ئاتالدىم.

(دېرگى نەشرى kha قاپ نومۇرى 278a3 ، فاكسىمىل باسمىسى بېيجىڭ نەشرى 41-توپلام 223a4~5).

بۇ رەسىم 23-غارنىڭ 6-ئورنىدا مۇناسىپ ھالدا ئاساسىي تېما قىلىنىپ

سىزىلغان.

ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 3.25×3.35 مېتر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قوچو» دېگەن ئەسەردىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ رەت تەرتىۋى، جاۋچۇگمىن ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە پېك يېشىنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن پايدىلىنىپ بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىنىڭ 32-غاردىكى قەسەم رەسىملىرى بىلەن ئەسلى نومىدىكى مەزمۇنلار ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇلۇپ چۈشەندۈرۈلدى. قەسەم رەسىملىرىدىكى قىستۇرما بېغىشلىما يېزىقلاردا 4-سىدىن باشقىلىرى ئاساسەن «تۆپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنايە شىپاگەرلىكى» نومىدىن ئۈزۈپ تېپىلىپ سېلىشتۇرۇلغان تېكىست بېغىشلىمىلار. بۇ بېغىشلىمىلاردا گەرچە پەقەت ساخاۋەت (pujita) ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولسىمۇ براق قەسەم (Pranidhana) ۋە ۋىياكەرەنە 授记Vyakarano مۇتلەق ئۆزگىرىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىش) ھەققىدىكى سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ. ھالبۇكى، قەسەم رەسىملەرگە ئالاقىدار تام رەسىملەر پەقەت 7-سىدە بايان قىلىنغان دېيەنكەرە بۇددا بىلەن كوگزىچى شاگىرتىنىڭ ۋىياكەرەنە ھېكايىسىدىلا بار. براق 1899-يىلى سېينەل (塞纳尔) سىڭگىم ئېغىز مىڭئۆيلىرىدىن كېسىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن، بىر پارچە تام رەسىمدە «ۋىياكەرەنا» سۆزى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلارغا ئاساسلانغاندا شۇ تۆردىكى رەسىملەرنى قەسەم رەسىملىرى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

//kanakamunibuddhâya kṛtvârâmaṃ vratasthitvâ yathalâbdhaṃ vyakaraṇam tathâ vyâkṛtam âpnuyâm (JA.xv.p.354) //

ياپون تىلىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى:

مەن (تىلاۋەت قىلىپ) ۋىياكەراناغا ئېرىشىشكە ئىنتىزار بولغۇنىمدەك ۋىياكەرانە (كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇرھان) غا يەتتىم، كەنەكەمۇنى بۇددا (迦耶迦牟尼佛) ئۈچۈن (مەن) باغ-ئورمانلار بەرپا قىلىپ دەرمە-ياساقلار (立法) تۈزدۈم.

//kânakamunijinâya śakyamuni [s?]sreṣṭhi bhûtvâ-râmamaṃ kṛtvâ bhi[kṣu?]...ptamahâbodhaye(p.355) //

ياپون تىلىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسى :

كەنەكە مونى جىنايا ئۈچۈن، ساكيامۇنى ياشانغان (چېغىدا)، باغ-ئورمان ياساپ بېكسۇ-راھىبلار ئۈچۈن ....ئۇلۇغ بۇددالىق .....

خەنزۇچە تەرجىمىسى:

ئۆتمۈشتىكى سودىگەر ئىمان ئېيتىپ ھەق سۆزلەپ،

昔为商人深正信

ساگرام سالغان بەھەيۋەت، راھىبلارنى ئىززەتلەپ.

先造立寺生恭敬

ئۇچراشقاندا كەنە كەمۇنى بورھانى بىلەن،

见佛迦耶迦牟尼

قول بەرگەن بورھانغا، تەركىدۇنيا-راھىلىق بىلەن

后乃方随佛出家[5]（P75）

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە ئالدىدىكى تېكىستتە كۆرۈلگەن «ۋىياكەرەنا» دېگەن ئىككى سۆز، كەينىدىكى ئەسلى نومىدىن

ئېلىنغان تېكىستلەر، ئەسلى نوم «تۆپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنەيە شىپاگەرلىكى» نىڭ 15 جىلدىدا كۆرۈلىدۇ. بېغىشلىما يېزىلمىغانلارنىڭ مەزمۇنى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان. 32-غاردىكى قەسەم رەسىملىرىدىكى بېغىشلىمىلاردىن ئەسلى تام رەسىملىرىنىڭ قەسەم رەسىملىرى ئىكەنلىكىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى چوڭ. شۇنىڭدەك بۇ تۆردىكى تام رەسىملىرىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىشتە قەسەم رەسىملىرى دېسەك بىرقەدەر توغرا بولغان بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، بىز پەلىك يېشىنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن تۆت نۇقتىنى خۇلاسىلاپ، بۇ ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمىز.

1. قەسەم رەسىملىرى، بىرقاربماققا بۇددانىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان، ساخاۋەت قىلىۋاتقان رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق تام رەسىمدە بولسا ساكيامۇنىنىڭ ئۆتمۈشتە (ئۆتكەن زاماندىكى ھاياتىدا - ت)، ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ ئالدىدا، ئىستىقامەت قىلىپ بۇددالىق مەنزىلىگە يېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەممىدە بۇددا ئالدىدا ۋىياكەرەنا - كەلگۈسىدە بۇددا بولۇپ توغۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى قەسىمى ئىپادىلەنگەن.

2. قەسەم رەسىملىرىدىكى بېغىشلىما يېزىقلارنىڭ 4-سىدىن باشقىلىرى «تۆپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنايە شىپاگەرلىكى» نومىدا كۆرۈلىدۇ.

3. بېغىشلىما يېزىق (ئويما يېزىق-ت)لار ئىچىدە ئۇچرايدىغان ئۈچ ئاسانكى كالىپ ئۇ ئالەملىك بۇددانىڭ نامىنىڭ (三阿僧祇劫出世佛名) بىر قىسمى «تۆپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنايە شىپاگەرلىكى» نومىدا ئۇچرايدۇ، باشقىلىرى «مەھاشاستىرە» («大田比婆沙论») قاتارلىق مەلۇم مۇھاكىمە ئەسەرلىرىدە ھەم «مەھاپىراجنا پەرامىتە شاستىرە» («大智度论») لەردە ئۇچرايدۇ، ئۇلار بىلەن «ئۇپاسى پەرىز سۇتىرىسى» («优婆塞戒经») دىكى ئۆز-ئارا ماس كېلىدۇ.

4. قەسەم رەسىملىرىدىكى تېما ۋەقەلىكىنىڭ 2~3 نى «ئاۋادانا تەمسىللىرى» ("譬俞绪" Avadana)قاتارلىق ھۆججەت ۋەسىقىلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ، قالغان كۆپ قىسمىنى «تۆپ سەرۋاستى ۋادە ۋىنەيە شىپاگەرلىكى» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تېخىمۇ ئىنچىكە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى ماتېرىياللارنىڭ بايقىلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### قوشۇمچە خاتىرە

ماقالە تاماملانغان ۋاقىتتا، مۇئەللەپ 1971-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەدە كۆرگەزمە قىلىنغان «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلانغان مەشھۇر بۇيۇملاردىن تاللانغان كۆرگەزمە» («连所藏名品百选展») سىدە بولۇپ، ئۇ كۆرگەزمىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى 32-غاردىكى قەسەم رەسىملىرىگە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، رەسىملىك توپلاملاردىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىنى مەنبە قىلغان «قەسەم» تام رەسىملىرىنىڭ رەڭلىك ۋە رەڭسىز سۈرەتلىرىنى نەشر قىلىپ باستۇردى. 24-نومۇرلۇق سۈرەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرەتلەر 1909-1910-يىللار ئارىلىقىدا ئودېنبورگ (奥登堡) 1-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىدە قولغا چۈشۈرگەن بۇيۇملار بولۇپ، ئەسلى رەسىمنىڭ ئۆلچىمى 310×240 سانتىمېتىر، بۇ تام رەسىملىرىدىكى كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر ئىش شۇكى، لېكوك 32-

غاردىكى 12 - ، 13 - ئورۇندىكى رەسىملەرنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچىسى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرمىغان (ياكى 23 - غارنىڭ 10 - ئورۇندىكى ئاساسىي تېما ۋەقەلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان 23 - غاردىكى تام رەسىمى) رەسىملەردىكى ئوخشاشلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قوچو» رەسىملىك مەجمۇئەدىكى 26 - رەسىم بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلانغان تام رەسىملەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇددانىڭ ئوڭ قولى سىرتتىن تۆۋەنگە ساڭگىلىغان. باش بارماق بىلەن بىگىز بارماق (食指) خۇددىي پىلىك ئېشىپ تولغاۋاتقاندەك ھالەتتە بۇ سۈرەت بىلەن رەسىملىك مەجمۇئەنىڭ 26 - سىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇددا بىر سۈرەتمۇ؟ نۆۋەتتە بۇنى ئايرىماق تەس. سول تەرەپ تۆۋەنكى قىسمىدا بىر بۇددانىڭ سىياقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قولىنى جۈپلەپ يۇقىرىدىكى بۇدداغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان (رەسىملىك مەجمۇئەنىڭ 26 - سىدە ئۇدۇل قارىغان) ئادەم ئوبرازى ھالىتى سىزىلغان، ئۈستىدە ئىككى بۇتساتىۋانىڭ ئۆزئارا بىر نەرسىگە سەپ سېلىۋاتقان ھالىتى سىزىلغان. بۇ ئىككى تام رەسىمنىڭ ئوخشاشلىقىغا ھېچقانداق گەپ كەتمەيدۇ. يەنە ئۈستىدىكى بىكشۇ - راھىبلار، ئۆي - خانىلارمۇ ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇددانىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا پەتنۇس كۆتۈرۈۋالغان تىۋىنغۇچى - ساخاۋەتچى بوتساتىۋا سىزىلغان، ئۈستىگە ئىككى بۇتساتىۋا سىزىلغان، بۇددانىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا يەنە غۇلام - ئۆسمۈر بالا تۇرقىدىكى (سىياقىدىكى)، پەتنۇس كۆتۈرۈۋالغان ساخاۋەتچى ئادەم ئوبرازى سىزىلغان، بۇ ئادەم ئوبرازلىرى قايسى ئورۇنغا جايلاشتۇرۇلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا يارىتىلغان قىياپەت، تەققى-تۇرقى ھالىتى قاتارلىقلاردىن ئىككىسىنىڭلار بىرلا ۋاقىتتا سىزىپ چىقىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بىراق قەسەم رەسىملىرىدىن بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئەمەلىي ماتېرىياللار ئانچە كۆپ ئەمەس.

---

### ئىزاھات

② «بېزەكلىك مىڭئۆي غارلىرىنىڭ 32 - غاردىكى راھىب فاخۇي ۋە فاخۇي ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، ئېلان قىلىنمىغان.

③ ياپونىيىدە چىقىدىغان «بۇددىزم سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 19 - ساندا ئاشكارىلىنىشىچە، لىكوك گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن بېزەكلىك تام رەسىملىرى تۈرىدىكى گۈزەل - سەنئەت ئەسەرلىرىنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ %25 نى جەنۇبىي گېرمانىيىگە يۆتكىگەن، قالغانلىرىنى بىر ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇپ قويغان، بىراق 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ھاۋا ھۇجۇمىدا پارتلاپ ۋەيران بولغان.

④ پىلىك يېشىنىڭ ئىلمى ماقالىسىدە تىبەت يېزىقىدىكى مەخسۇس بايان-خاتىرىلەر بار بولۇپ، بۇ ماقالىدە ئەسلىدىكى ماقالىدىن ئېلىنغان، قىسقارتىلىپ تىبەتچە مەخسۇس يېزىلدى.

⑤ 23 - غار ھازىرقى 15 - غارغا توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلانمىلار:

[1] [ياپونىيە] خىرانو (平野真完) .
«بېزەكلىك غارلىرى 9-غاردىكى ئۇيغۇر يېزىقلار ۋە قەسەم رەسىملىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش [J].
گۈزەل - سەنئەت تەتقىقاتى 1951، (218)
[2] ليۇخۇڭلياڭ: «بېزەكلىك غارلىرىنىڭ يىل -دەۋرى ھەققىدە ئىزدىنىش» دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى 1986، (3).
[3] [ياپونىيە] بەي جىكاگىيى (百济康议).
«بېزەكلىك مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان غەربىي يۇرت شىمالى يول بۇددا دىنىنىڭ - مورفلوگىيىسى» - 9-غاردىكى فاخۇينىڭ (法惠) سۈرىتى ちめぐつキシんさ مەركىزىي ㄠ す と غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەر [A]. بۇددىزم گۈزەل- سەنەت تەتقىقات مالىيە گورۇھى ياردەم بەرگەن تەتقىقات دوكلاتنامىسى: 22-قىسىم [C]. 1993.
[4] [ياپونىيە] كوماتۇ (熊谷宣夫):
ئوتانى قولغا چۈشۈرگەن (コレクションの) قەسەم ھەققىدىكى ماتېرىياللار [J]، گۈزەل-سەنئەت تەتقىقاتى 1951، (218).
[5] [ياپونىيە] گاۋنەن شۇنسىلاڭ (高楠顺次郎) قاتارلىقلار.
تايشۇ نوملار دىۋانى (大正藏)، 24-قىسىم.
[M] ياپونىيە توكيو: تىرى پتەكە (大藏) نەشرىياتى جۇشى ئۇيۇشمىسى: 1924~1934.

قوشۇمچە جەدۋەل

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىنىڭ رەت نومۇرى | 64 | 62 | 61 | 56 | 52 | 51 | 47 | 45 | 36 | 34 | 29 | 23 |
| گېرمانىيىلىك گرۇنۋېدىل قويغان نومۇر رەت تەرتىۋى | 39 | 37 | 36 | 29 | 25 | 24 | 20 | 19 | 12 | 10 | 8 | 4 |
| قەسەم رەسىملىرىنىڭ سانى | 2 | 4 | 2 | 5 | 3 | 5 | 7 | 11 | 4 | 8 | 2 | 15 |
| قەسەم رەسىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى بېكىتىلگەن مۆلچەر سانى | (4) | (4) | (4) | (8) | (6) | (8) | (16) | (14) | (6) | (8) | (؟) | (15) |

(«دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىللىق 1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ۋە تەسىرى

ئەنۋەر مەتسەيدى

«جاتاكا» ـ پالى تىلىدا خاتىرىلەنگەن «تىرى پىتەكە» Tri_pitaka (三藏) ئىچىدىكى بىر خىل نوم بولۇپ، ئادەتتە «بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «جاتاكا» (Jataka) دېگەن سۆز پالىچە Jan «تۇرەل» دېگەن پېئىل يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان. «جاتاكا» چۆچەكلىرى ھىندىستاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، كىتاب قىلغۇچىسى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ تەركىۋىگە مەسەللەر، چۆچەكلەر، ھېكايەتلەر بولۇپ جەمئىي 540 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە كىرگۈزۈلگەن. بايان قىلىشتا شېئىر بىلەن نەسر ئارىلاش قوللىنىلغان.

بۇددىزم تەرغىباتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش «ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشى» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سانسار» دېيىلىدۇ) توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتىن يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلانغان. ئۇلار ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان چۆچەك، مەسەللەرگە بۇددىزم ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى ياخشى كىشى ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساكيامۇنىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى پىداكار ھايۋانلار ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇددىزم چۈشەنچىسى بويىچە، ساكيامۇنىنىڭ جېنى خىلمۇ-خىل قۇشلار، ھايۋانلار ۋە ھەرخىل يۇقىرى-تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ تېنىدە تۇرۇپ ئۆتكەن. يەنى ساكيامۇنى نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەر قېتىم دۇنياغا كەلگەندە ھامان جانلىقلارنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. بۇنداق ھېكايىلەر بۇددىزم كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. بۇنداق چۆچەكلەرنى قىسقارتىپ يېزىۋالغىلىمۇ، ئۇزارتىپ سۆزلىگىلىمۇ بولىدۇ. قۇرۇلمىسى ئاددىي، لېكىن مەزمۇنى چوڭقۇر، بىرلا ئاڭلىسا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق چۆچەكلەر بۇددا نوملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇش بىلەن بىرگە، ھەرخىل توپلاملاردا، گۈزەل سەنئەت رەسىملىرىدە خىلمۇ-خىل شەكىللەردە خاتىرىلىنىپ كەلگەن. شۇ ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەرسىلەر ۋە ھايۋانلارنى باش قەھرىمان قىلغان قىزىقارلىق تۈرى مەسەل ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇددا دىنى بىلەن بىرگە ئۆزى تارقىلىپ بارغان يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي

ئەدەبىيات خەزىنىسىگە بىر ئۆلۈش بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەن.

«جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس مەسەل- چۆچەكلەر بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىش قوشۇش ئارقىلىق يارالمىش قىسسىلىرىغا ئايلاندۇرۇلغان. ھېكايە قەھرىمانلىرى ئادەملەردىن، ھايۋانلاردىن، جان- جانۋارلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەر ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئېپوسلىرىدىكى قىستۇرما ھېكايىلەرگە، شۇنداقلا، براھمان دىنى ۋە جاينا دىنى ھېكايىلىرىگە ئوخشايدۇ ياكى يېقىن كېلىدۇ①. «جاتاكا» چۆچەكلىرى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك، ھېكمەتكە باي بولغاچقا، ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە ۋە تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلغان. خان- پادىشاھلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھېكايىلەر ئوخشىمىغان دىنىي مەزھەپتىكىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماي، يەنە «پانچاتانترا»، «ھېكايىلەر دېڭىزى» (كاتاسارىتساگارا)، «ھېتوپەدېسە» قاتارلىق ھىندىستاننىڭ داڭلىق ھېكايە توپلاملىرىدىنمۇ ئورۇن ئالغان②.

بۇددا راھىپلىرىنىڭ «جاتاكا» چۆچەكلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىرلەردە باشلانغان. بۇنى شۇ دەۋرلەرگە تەۋە بۇددا چوڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاشتىن ياسالغان ئىشىكلىرىنىڭ باشلىرىغا «جاتاكا» چۆچەكلىرىگە ئائىت ھەيكەللەرنىڭ قويۇلغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. ھەتتا «جاتاكا» دېگەن ئىسىممۇ ئويۇپ قالدۇرۇلغان. كېيىنچە بۇددىزم تاش كېمىرلىرىدىكى رەسىملەردە ۋە بۇتلاردىمۇ «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن③.

«جاتاكا» چۆچەكلىرى ئەسلى ھىندى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، تەسىرى ھىندىستاندىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. بۇددىزمنىڭ «ھەنايانا» (كىچىك كۆلەڭگە) مەزھىپىگە ئەگىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگە كەڭ تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ قاتاردا جۇڭگوغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۇلۇغ پىتەكە نومى» ياكى «ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم بىتىك» (大藏经) ئىچىدىكى كۆپلىگەن نوملار ئەمەلىيەتتە «جاتاكا» چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن «ئارىلاش ئەردەنى پىتەكە نوم بىتىك» (杂宝藏经)، «يۈز نىدانە سوترىلىرى دىۋانى» (撰集百缘经)، «دانىشمەنلىك ۋە ھاماقەتلىك ھەققىدىكى سوترە» (贤愚经) قاتارلىقلار بار. بۇ نوملار گەرچە پالى تىلىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق «جاتاكا» چۆچەكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى تىللاردىكى پارچە- پۇرات ھۆججەت- ۋەسىقىلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئۇچرايدۇ.

بولۇپمۇ توخرى تىلىدا كۆپرەك. بۇ ھال بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ شىنجاڭدا قانچىلىك ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ. تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە خەلق ئەدەبىياتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان 20 پارچىدىن ئوشۇق ھېكايە خاتىرىلەنگەن. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمىسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلىنىپ، شۇ ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «توشقان جاتاكاسى» (兔本生故事)، «قىرغاۋۇل جاتاكاسى» (雉本生故事)، «بۇغا جاتاكاسى» (鹿本生故事) قاتارلىق ھايۋانلارنى باش قەھرىمان قىلغان ھېكايىلەر ئېنىقكى «جاتاكا» چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر پىل بالىسىنىڭ ئانىسىنى بېقىشى ھەققىدىكى ھېكايىمۇ «جاتاكا» چۆچەكلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ھېكايىلەر پالى تىلىدىكى «جاتاكا نومى» دا، شۇنداقلا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە پارمىتە سۇترىلىرى دىۋانى» (六度集经) دا ھەم خاتىرىلەنگەن[4].

ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى «جاتاكا» ھېكايىلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. تاكى 1964-يىلغىچە ئامېرىكىلىق ئالىم بوپىنىڭ ئۆز ماقالىسىدە «جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئەزەلدىن بايقىلىپ باقمىدى» دەپ يازغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ[5]. بۇنداق ئەھۋال ئىلىمىزدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى جاتاكا چۆچەكلىرى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىلىمىز ئالىملىرى دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ قولىيازما ۋە باسما نۇسخىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، بەزىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلەر ئەسلى ھىندى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق مەسەلچىلىك ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «جاتاكا» ھېكايىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر دەپ قارالغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) «ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارا نىيەت تېكىن ھېكايىسى». ھازىر ساقلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئىككى، ئۇنىڭ بىرى دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىكى نوملار ئارىسىدىن تېپىلغان. ھازىر پارىژ فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. رەت نومۇرى: P.3509. ئىككىنچىسى، تۇرپان يارغولدىن تېپىلغان بىر ۋاراقلىق پۈرچۇلغان نۇسخا بولۇپ، پەقەت 22 قۇرلا خەت ساقلىنىپ قالغان، ھازىر گېرمانىيىنىڭ بېرلىندا ساقلانماقتا، رەت نومۇرى: U120(ⅢY1).

2) «ۋىسانتاراجاتاكا» (须达那太子本生). بۇ ھېكايە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، چوڭ كۆلەمگىمۇ مەزھىپى تارقالغان جايلاردا ئومۇملاشقان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ تەسىرى چوڭ

بولغان. مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى تولۇقسىز نۇسخىلىرى تۇرپان بوستانلىقىدىكى كۆپ جايلاردىن تېپىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە رەسىم قىستۇرما قىلىنغان بىر نۇسخىسى ھازىر ياپونىيىدە ساقلانماقتا. قالغانلىرى بېرلىندا ساقلانماقتا. ھەرخىل تولۇقسىز نۇسخىلىرىدىن جەمئىي 11 پارچە بار.

3) «دايگاك جاتاكاسى» (大觉本生). ھازىر ساقلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئىككى پارچە، بېرلەشتۇرگەندە ئاران بىر ۋاراق. تۇرپاندىكى سىڭگىمدىن تېپىلغان. 60 قۇر خەت بار.

4)«شىر جاتاكاسى» (狮子本生). ساقلىنىپ قالغان قولىيازما نۇسخىسى ئىككى پارچە. بېرلەشتۇرسە بىر ۋاراق. بۇمۇ تۇرپان سىڭگىمدىن تېپىلغان. 32 قۇر خەت بار.

5) «ساپالچى جاتاكاسى» (陶工本生)، ھازىر ساقلانغىنى بىر پارچە، تۇرپاندىن تېپىلغان. 70 قۇر خەتتىن تەركىب تاپقان.

6) «بۆكەن جاتاكاسى» (羚羊本生)، تولۇقسىز باسما نۇسخىسىدىن ئىككى پارچە بار. ئىككىلىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. ھازىر بېرلىندىكى ھىندى گۈزەل-سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئالدىنقىسىدا 7 قۇر، كېيىنكىسىدە 11 قۇر خەت بار. ئىككىلىسىگە قىستۇرما رەسىملەر سىزىلغان.

7) «ئارەنمى خان جاتاكاسى» (阿烂弥王本生)، دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىن تېپىلغان. ھازىر پارىژ فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. ئەسلىدىكى قولىيازما نۇسخىسى 3 ۋاراق، جەمئىي 119 قۇر خەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ 67 قۇرى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۆز تېكىستى. قالغان 52 قۇرى ماۋزۇ ئىزاھاتى. بۇ نۇسخىنىڭ خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تىبەتچە نۇسخىلىرى «ئۇلۇغ پىتاكا نومى» دا كۆزگە چېلىقمايدۇ. توخرىچە سۆزلەر كۆپ قوللىنىلغان. شۇڭا ئالىملار ئۇنى توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «گاچا بىلەن توكۇر جاتاكاسى» (哑跛本生)، «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى»، «پىل جاتاكاسى» (大象本生) ھەممىدە بىزنىڭ سىلىشتۇرۇپ ئايرىپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان باشقا ئونەنچە خىل ئۇيغۇرچە «جاتاكا» ھىكايىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار[9].

ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكلەرگە سىزىلغان رەسىملەر ئىچىدە «جاتاكا» ھىكايىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس زىبىم ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكلەردىكى شەكلى ئۆزگەرگەن جاتاكا چۆچەكلىرى» ناملىق ماقالىسىدا، ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيە ئوتانى گوزويى ئەترىتى يىغىۋالغان ماتېرىياللار ئىچىدە ساقلانغان قىستۇرما رەسىملەر قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ۋىسانتاراجاتاكا» («须达那太子本生») نىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. گابائىن خانىم قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، شۇنداقلا بىرمۇنچە تارشا پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ رەسىملەر ئىچىدە يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن «گاچا بىلەن توكۇر جاتاكاسى»، «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى»، «پىل جاتاكاسى» ۋە «ئالتۇن بۆكەن جاتاكاسى» قاتارلىق «جاتاكا» چۆچەكلىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى

كۆرۈش مۇمكىن ئىكەن[7].

ئۇيغۇر تىلىدىكى «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئىچىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى» بولۇپ، مەزمۇنى بىرقەدەر مول، ساقلىنىشمۇ بىرقەدەر مۇكەممەل. دوكتۇر ياڭ فۇشۆنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى ئۇنىڭ پالى تىلىدىكى نۇسخىسىدىن، شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك نۇسخىلاردىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىكەن. تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكىسى بىلەن ئەڭ يېقىن كېلىدىكەن. ئۇنىڭدا توشقان پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ، باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشتەك ئاساسى ۋەقەلىكتىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە تۈلكە بىلەن مايمۇننىڭ ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ۋەقەلىكىمۇ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە توشقان پادىشاھنىڭ ئايغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنمۇ بار. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ياڭ فوشۆ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى» نى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان ياكى شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ئەنە شۇنىڭغا ئاساسەن لاڭ يىڭ خانىمۇ ياڭ فۇشۆنىڭ «ھىندى دىنىي مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن دوكتۇر ئاشتىلىق ئىلمىي ماقالىسىغا يازغان كىرىش سۆزىدە، توشقان پادىشاھنىڭ ئايغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ئېلىمىزدە شەرقى خەن دەۋرىدىلا پەيدا بولغان، كېيىن غەربكە ۋە ھىندىستانغا تارقالغان. بۇددا دىنى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئەسلى ماتېرىيالى بولۇپ قالغان دەپ يازىدۇ[8]. بۇ ھال جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىمكى ھىندى خەلق ئەدەبىياتىغا تەۋە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزدىن، جۇملىدىن شىنجاڭدىن تارقىلىپ بارغان ھېكايىلەرنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئۇلۇغ توغرا ئاغىلىق نوم بىتىك» (大正大藏经) نىڭ «ئارىلاش ئەردەنى ئاغىلىق سۇدۇر. تەركى ۋەتەن نىدانەسى» (杂宝藏经·弃老国缘) دە ۋە «جاتاكا سوترە» (本生经) نىڭ 308-ھېكايىسىدە «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» (慧鸟本生) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھېكايە بار. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر خەلق مەسەلى «شىر بىلەن تۇرنا» غا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى ھېكايىنى ۋاڭ جىپىڭ بىلەن ياڭ فۇشۆ ئۆزلىرىنىڭ «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» دىن (شىر بىلەن غاز) غىچە - ھىندى جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە بىر مىسال» ناملىق ماقالىسىدا تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان بولۇپ (ئۇلار پايدىلانغان ئۇيغۇر خەلق مەسەلى «شىر بىلەن غاز» دېيىلگەن، بۇ «شىر بىلەن تۇرنا» نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىمۇ ياكى تەرجىماننىڭ سەۋەنلىكىمۇ بۇنىسى نامەلۇم)، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «پاراسەتلىك قۇش» ناملىق جاتاكا چۆچىكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا كەڭ تارقالغان، بىراق يازما ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئاغزاكى شەكىلدە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن

كەچۈرۈپ تاكى بۇگۈنگىچە داۋاملاشقان[1]. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، سانسكرتشۇناس جى شيەنلىن «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» ناملىق بۇ ھېكايىنى ئىزوپ مەسەللىرى ئىچىدىكى «بۆرە بىلەن تۇرنا» غا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلى ھىندى ھېكايىسى دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان[2].

دۇنخۇاڭ ۋە شىنجاڭدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە بۇددىزم ھېكايىلىرىنى مەزمۇن قىلغان رەسىملەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسلى ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ، خەلق ئىچىدە تارقىلىش جەريانىدا بۇددا دىنى نوملىرىغا ۋە باشقا ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن «جاتاكا» چۆچەكلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھىندى خەلق ئەدەبىياتىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدا تارقىلىش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ. مىسال ئۈچۈن «چىمچىق كۆز ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بېقىشى» (商(莫) 睒子老养父母的故事) بىلەن «تاق مۈڭگۈزلۈك ئەۋلىيا جاتاكاسى» (独角仙人本生故事) نى ئالساق، بۇ ئىككى ھېكايە بۇددىزم نوملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەتتا ھىندىستاننىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «رامايانا» نىڭ «باللىق»، «ئايۇتو» قىسىملىرىدىمۇ بۇ ئىككى ھېكايىگە سيۇژىت جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھېكايىلەر بار. كېيىنچە بۇ ھېكايىلەر شۇمەن زاگىنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» گىمۇ كىرگۈزۈلگەن[1]. بۇ ھېكايىلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىن 1-ئەسىرگىچە ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارالغان ھىندىستاندىكى «بارخۇت» ئويمىلىرىدا تەسۋىرلىنىپلا قالماي، مىلادىيە 3-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تام رەسىملىرىدە ھەم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن بۇ ھېكايىلەرنىڭ مۇگاۋدىكى 6-ئەسىرگە تەئەللۇق تام رەسىملىرىدە ھەم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئەسلى ھىندىستاندا خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، كېيىنچە شىنجاڭغا، ئاندىن دۇنخۇاڭغا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەسىرىنىڭ كەڭ ھەم ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

دۇنخۇاڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى 16 بەگلىك دەۋرىگە تەۋە تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن بۇددىزم ھېكايىلىرى ئىچىدە جاتاكا ھېكايىلىرى كۆپرەك سىزىلغان. بۇنىڭغا «سەتۋە تېكىنىنىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىپ بېرىشى» (萨埵 那舍身饲虎)، «شىۋى خانىنىڭ ئۆز گۆشى بىلەن كەپتەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقى» (尸毗王割肉救鸽)، «توققۇز رەڭلىك بۇغا ھېكايىسى» (九色鹿的故事) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، ئوبرازلىرى، كېيىنكىشى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتلەردە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىنكى يەرلىكلىشىش، ئىسلاھ قىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن

ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ①.

مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ھېكايىلەر ئەڭ قەدىمكى بۇددىزم ھېكايىلىرىنىڭ تەسۋىرى سەنئەتتىكى ئىپادىلىرى بولۇپ، بىزگە بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ھېكايىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھەرخىل ئۆزگەرگەن شەكىللىرىنى ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ قانداق بولۇپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلانغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، «ماھاستىۋنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى» ناملىق ھېكايە «سۋارنا پراپاسا سوترە» («ئالتۇن يارۇق») تىكى بىر چۆچەك بولۇپ، مىلادىيە 397 ـ 439 ـ يىللىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. شۇ مەزمۇندىكى رەسىملەر 17 ـ، 38 ـ، 47 ـ، 114 ـ غارلاردا بار. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان يېرى، بۇ ھېكايىنىڭ بايان ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي بايان قىلىش ئۇسۇلىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ ①. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئارزۇلۇق گۆھەر» ناملىق ھېكايە «پراجنىيا موكا شاستىر» ناملىق دانىشمەنلىك ۋە نادانلىق ھەققىدىكى ۋەقەلەر سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، 445 ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ج.ر. ھاملتون تەتقىق قىلغان. ئۇنى فرانسىيىلىك پېللىئوت 1907 ـ 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقتا دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ دەل «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دەپ ئاتالغان ھېكايىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر دۇنخۇاڭ موگاۋ 38 ـ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامغا سىزىلغان ①. يەنە شۇنىڭدەك، «دېڭىز سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ گۆھەر سوراش» (بۇ ئەسلى «بۇددا جارىتا سوترە» ناملىق بۇددانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى سۆزلىنىدىغان كىتابتىكى بىر چۆچەك بولۇپ، 587 ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان①. بۇنىڭغا ئائىت رەسىم دۇنخۇاڭ موگاۋ 14 ـ غارنىڭ سول تەرەپ تېمىغا سىزىلغان) بىلەن «دېڭىزغا كىرىپ گۆھەر ئىزدەش» («جاتاكا سوترە» ناملىق بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدە تەپسىر قىلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، 212 ـ 315 ـ يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭغا ئائىت رەسىم دۇنخۇاڭ موگاۋ 14 ـ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سىزىلغان) ناملىق ئىككى چۆچەك ئەسلى بىر مەنبەدىن چىققان بولۇپ، ئۇلارنى «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» ياكى «كالپانامكارا، پاپامكارا» (ئاقنىيەت تېكىن بىلەن قارا نىيەت تېكىن) دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ھېكايىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى دېيىشكە بولىدۇ①. تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولغىنى، بۇ چۆچەكتىكى «چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرى» ۋە ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بىرى بىرسىگە قەست قىلىشى توغرىسىدىكى مۇتىفلار (تېمىلار) ھېلىھەم ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى «ئەنگۈشتەر»، «بۇلبۇلگويا» قاتارلىقلاردا قىسمەن ئۆزگەرگەن ھالدا مەۋجۇت.

قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن قىسمەن ئاغزاكىي شەكىللىرىگە «قونچاق ئويۇنى» ناملىق چۆچەكنى مىسال ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئەسلى «جاتاكا نىدانە» ناملىق ساكيامۇنىنىڭ بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە ئېيتقانلىرى خاتىرىلەنگەن بۇددىزم كالامىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، مىلادىيە 285ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. رەسمى كۇچار قىزىل مىڭئۆي 175ـ نومۇرلۇق غارنىڭ ئۇڭ تەرەپ كارىدورىغا سىزىلغان[9]. بۇ چۆچەك بىلەن «سامىيۇكتە ئاۋادانا» ناملىق تەمسىللەر توپلىمىدىكى «رەسسام» (مىلادىيە 25ـ 220ـ يىللاردىن باشلاپ 405ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق ھىكايە [10]، شۇنداقلا توخرى تىلى A (قاراشەھەر تىلى) دا خاتىرىلەنگەن «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ناملىق ھىكايە[11]، بىر مەنادىن چىققان بولۇپ، (ماتېرىياللاردا تۇرپاندىن چىققان يازما ۋەسىقىلەر ئىچىدە «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ناملىق ھىكايىنىڭ پارچىلىرىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان)، ئۇلارنى ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن «ياغاچچى بىلەن بوياقچى»[12] ناملىق چۆچەكنىڭ ئاساسلىق بىر كېلىش مەنبىئى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ چۆچەك بىلەن يەنە «ھىندى خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابتىكى «ۋەزىرنىڭ قىزى» [13] ناملىق ھىكايە، «ھىندى ئەپسانىلىرى» ناملىق كىتابتىكى «تىرىك قونچاق» [14] ناملىق ھېكايە، ھەمدە «تۇتىنامە» نىڭ ئالتىنچى داستانى بولغان «تۆت كىشىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكى» [15] ناملىق ھېكايە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئەسلى ھىندىستاندىن كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ھېكايە يەنە سەئىدىيە دەۋرىدە ياشىغان ئاتاقلىق تارىخچى ۋە ئەدىپ مىرزا ھەيدەرنىڭ «جاھاننامە» داستانىدىكى مۇھىم بىر ھېكايىگە،[16] شۇنداقلا، ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «تەدبىرلىك پادىشاھ» [17] ناملىق چۆچەككە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئەسلى ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ قارالغان جاتاكا چۆچەكلىرىدىن «مايمۇن بىلەن تىمساق»، «تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى»، «پاراسەتلىك قۇش» قاتارلىقلارنى ئالساق، بۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدىن «پاقا بىلەن چايان»، «ماختانچاق پاقا»، «شىر بىلەن تۇرنا» قاتارلىقلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

«بەشنامە» نىڭ ھەرخىل تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇنداق بىر مەسەل كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى ئىككى ھايۋان ئاۋۋال دوستلىشىدۇ، كېيىن بىرسى يەنە بىرسىنى ھاپاچ قىلىپ دەريادىن ئۆتىۋاتقاندا ھاپاچ قىلىنغان ھايۋان كېسەل بولۇپ قالغان ئايالىنى ساقايتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ھاپاچ قىلىپ كېتىۋاتقان ھايۋان (كۆپىنچە مايمۇن) غا نىيىتىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى

ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. ھېلىقى ھايۋان (ياكى مايمۇن) ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى قىرغاقتا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. بۇ «بەشنامە» نىڭ 4-جىلدىدىكى راماكا شەكىللەندۈرگۈچى ھېكايە بولۇپ، «بەشنامە» نىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسىدىن تارتىپ، كېيىن مەيدانغا چىققان ھەممە نۇسخىسىدا بار. بۇ ھېكايە بۇددا نوملىرىدا جۈملىدىن «جاتاكا چۆچەكلىرى» قاتارىدا «مايمۇن بىلەن تىمساق» نامىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھېكايە «جاتاكا» چۆچەكلىرى قاتارىدا ئۈچ ئورۇندا تەكرارلانغاندىن باشقا، مىلادىيە 3-ئەسىرلەردىلا سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە پارامىتە سوترىلىرى» (六度集经)، «بۇددا ئەتمىشلىرى سوترىسى» (佛本行集经) قاتارلىق بۇددا نوملىرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى يەنە قەدىمكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن «شاتۇتنىڭ ھېكايىسى» دېگەن چۆچەكلەر توپلىمى ئىچىدىمۇ، نەخشەبى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان، ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «تۇتىنامە» ئىچىدىمۇ بار. (رەسىمدىكى 1912-يىلى نيۇ يوركتا ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان، ئېلىبېن س. بەببىت يازغان «جاتاكا چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابقا قىستۇرما قىلىنغان مەزكۇر ھېكايىگە ئائىت بىر كۆرۈنۈش، رەسىمنى ئېلىسۇورس ياڭ سىزغان.)



19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سانسكرىت تىلىدىكى «بەشنامە» نى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس، سېلىشتۇرما چۆچەكشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى بەنفېي (Theodor. Benfey) ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھېكايىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ئەڭ بۇرۇن قايسى قايسىدىن كەلگەن دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، ئاخىرىدا بۇ ھېكايە ئەڭ ئاۋۋال «سىندىباتنامە» (幸巴德书) دىن كەلگەن بولسا كېرەك دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان [26] . ھالبۇكى، «سىندىباتنامە» دېگەن بۇ كىتابنىڭ پارچىلىرى دۇنخۇاڭدىن بايقالغان. بەزىلەر پارس تىلىدىكى «سىندىباتنامە» نى «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. لى فۇچىڭنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، «سىندىباتنامە» مىلادىيە 7-ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورى سەمەرقەنتلىك مۇھەممەت دېگەن كىشى ئىكەن [27] . 1909-يىلى رۇسىيىلىك ساياھەتچى كوزلوف (P. Kozlov) گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىن تاپقان يازما يادىكارلىقلار ئارىسىدا «سىندىباتنامە» نىڭ پارس تىلىدىكى پارچىلىرىمۇ بولغان [28] . بۇ ھەقتە لى فۇچىڭ: جۇڭگو ۋە ياپونىيە فولكلورشۇناسلىرى خاتىرىلىگەن ھېكايىلەر ئىچىدە بىزنى ئەشۇ ئۆزگەرگەن نۇسخىلارنىڭ بىۋاسىتە ھىندىستاندىن كەلگەن دېگەن

ئۇيغا كەلتۈرىدىغان بايانلار بار» دەيدۇ. (بۇ ھېكايىنىڭ ھىندىستاندا پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسى شۇكى، ئۇلاردا مايمۇننىڭ يۈرىكى داۋالاش رولىغا ئىگە دەيدىغان بىر خىل قاراش بار.) قانداقلا بولمىسۇن، بىز بۇ ۋەقەلىكنىڭ باشقا نۇرغۇن ھېكايە ۋەقەلىكلىرىگە ئوخشاش ھىندىستاندىن چىقىپ بۇددا نوملىرى بىلەن بىرگە يىپەك يولىنى بويلاپ تارقالغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز. ئۇنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مۇڭغۇلىيىگە تارقالغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش يولىنى تىبەت ئارقىلىق بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ پەرەز قىلالايمىز.

يۇقىرىقى ۋەقەلىك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان سانسكرىتچە ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرى «بۇددانىڭ يارالمىشى سوترىسى» دىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ساكيامۇنى شاگىرتلىرىغا تەلىم بەرگەندە مۇشۇ ھېكايىنى ئىشلەتكەن. بۇمۇ بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ ھىندىستان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددا نوملىرىدا قوللىنىلىدىغان مۇنداق بىر نۇقتا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ: ئۇ بولسىمۇ، ھەر قېتىم ھېكايە بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇددىستلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادىتى بويىچە خۇلاسە تەرىقىسىدىكى ھېكمەتلىك پىكىرنى شېئىرىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئەدەبىي ئۇسلۇبتىن ئىبارەت. (مەن بۇ خىل ئەنئەنە شەرق شېئىرىيىتىدە رۇبائىي ژانىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان دەپ قارايمەن.) بۇ خىل ئۇسۇل «بەشنامە» نىڭ ھەممە نۇسخىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن «كەلىمە ۋە دىمنە» دە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنى كۆردۇق.

ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ۋەقەلىككە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ھېكايىلەر خېلى كۆپ. مەن ئۇيغۇر خەلق مەسەلى «پاقا بىلەن چايان» نىڭ كېلىپ چىقىشىنى يۇقىرىقى ھېكايە بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. ئۇنىڭدا پاقا بىلەن چايانىنىڭ دوست بولۇشقانلىقى، ئۇلار يولدا بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ، پاقا چايانىنى ھاپاش قىلىپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇشقانلىقى، ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە چايان توساتتىن پاقىغا نەشتەر ئۇرغانلىقى ۋە بۇ مېنىڭ ئادىتىم دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، غەزەبلەنگەن پاقىمۇ بۇمۇ مېنىڭ ئادىتىم دەپ سۇۋغا شۇڭغۇپ كىرىپ چايانىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان [9]. قىسقىسى، بىر «جاتاكا» چۆچەكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرگە ۋاپاسىز دوستنىڭ ھامان ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىماي قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر بىر ھېكمەتتىن دەرس بېرىدىغان خەلق مەسەلىگە ئايلانغان.

دېمەك، ھېكايىلەردىكى ئىككى ھايۋاننىڭ دوستلۇقى ۋە كېسەل بولۇپ قالغان ئايالنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دوستىغا خىيانەت قىلىشىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك مۇتىفى ئەسلى بۇددا نومى بولمىش «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئارقىلىق شەرققە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئەمما دىندىن خالىي ئەدەبىياتنىڭمۇ تەسىرى بولغان.

(رەسىمدىكىسى 1912-يىلى نيۇيوركتا

ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان ئېلىن س. بەببىت يازغان «جاتاكا چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابقا قىستۇرما قىلىنغان مەزكۇر ھېكايىگە ئائىت كۆرۈنۈشلەر، رەسىمنى ئېللسۇۋرس يالىك سىزغان.)





تۆۋەندە، «جاتاكا» چۆچىكى «تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن ئۇيغۇر خەلق مەسەلىسى« ماختانچاق پاقا» نى قىسقىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

«جاتاكا» چۆچىكى «تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى» دە بىر جۈپ غاز بىر تاياقنىڭ ئىككى تەرىپىنى چىشلەپ بىر تاشپاقىنى تاياققا ئېلىپ ھاۋادا ئۇچقىنىچە يىراققا ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇچۇشتىن بۇرۇن تاشپاقىغا ھەرگىز گەپ قىلماسلىقنى جىكىلەيدۇ. تاشپاقا نەسىھەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىشىغىلا تاياقتىن ئاجراپ كېتىپ يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ ئۆلىدۇ. (رۇسىيە يازغۇچىسى گارشىن 1858 - 1888 (M. V. Garshin) بۇ ھېكايىنى چۆچەك قىلىپ يېزىپ چىقىپ ئىسمىنى «ساياھەتچى پاقا» قويغان)[10] بۇ ھېكايە «بۇددانىڭ يارالمىش سوترىسى» (215 - ھېكايە) قاتارلىق نۇرغۇن بۇددا نوملىرىدا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان كىتابلار ئىچىدە بىر كۇبلېت شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى قۇشنىڭ بىر تاياق (بامبۇك نوتىسى) بىلەن بىر ئىلاھىي تاشپاقىنى ئېلىپ ئۇچقانلىقى بايان قىلىنىدۇ[11]. بۇ ھېكايىنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى ھەتتا «بەشنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە» لەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر خەلق مەسەلىسى «ماختانچاق پاقا» غا كەلسەك، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بىر كۆلدە ئىككى غاز ۋە بىر پاقا بىللە ياشايدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ كۆل قۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن غازلار سۇ بار يەرگە كۆچمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىراق پاقىنى بىللە ئېلىپ كېتەيلى دېسە، پاقا ئۇچالمايدىكەن. تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلىمۇ ئۇنىمايدىكەن. بۇلارنىڭ بېشى قېتىپ ئامال ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىرى پاقا مۇنداق دەپتۇ: «غاز ئاكىلار، بۇنىڭغا بىر ئامال بار. بىر تال چىۋىقنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككىڭلار چىشلەڭلار، مەن ئوتتۇرىنى چىشلەي،

مۇشۇنداق ئۇچۇپ مېنى ئېلىپ مېڭىڭلار، قانداق؟»، «بۇ ئوبدان چارە ئىكەن» دەپتۇ غازلار، «بىراق سۇ بار يەرگە بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يول بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. سەن ئۇزۇنغىچە ئاغزىڭنى ئاچماي، چىشىڭنى مەھكەم چىشلەپ چىدىيالارسەنمۇ؟»، «چىدايمەن!» دەپتۇ پاقا ئىشەنچ بىلەن، «ئۇنداق بولسا سېنى ئېلىپ ماڭايلى، لېكىن زادىلا گەپ قىلما، بولمىسا خەتەرلىك ئەھۋال توغۇلۇپ قالىدۇ»، دەپتۇ غازلار. ئۇلار يولغا چىقىپتۇ، ئۇچۇپتۇ، - ئۇچۇپتۇ، بىر مەھەللىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە بىرمۇنچە كىشىلەر ئاسمانغا قارىشىپ: «ئەجەپ پەمى بار غازلار ئىكەن-ھە! پاقىنى ناھايىتى ئەپچىل ئېلىپ مېڭىپتۇ!» دېيىشىپتۇ، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاقا ئىچىدە: «بۇ چارىنى غازلار ئەمەس، مەن تاپقان» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار يەنە بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىرمۇنچە كىشىلەر يەنە: «قاراڭلار، قاراڭلار، ئاۋۇ غازلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى! پاقىنى بىر ئوبدانلا ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى!» دېيىشىپتۇ. پاقا: «غازلار ئەقىللىق ئەمەس، مەن ئەقىللىق، بۇ چارىنى مەن تاپقان» دەپ ۋاقىرىۋەتكىلى قىل قاپتۇ. دەرھال ئېسىنى يىغىۋېلىپ ئاغزىنى ئاچماپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇچۇپتۇ-ئۇچۇپتۇ، تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ چىرايلىق بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپتۇ، بۇ يەردە تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر تۇرغان ئىكەن. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ: «قاراڭلار، پاقىنى بىللە ئېلىپ ئۇچالايدىغان قالتىس تەدبىرلىك غازلار ئىكەن! نېمە دېگەن ئەقىللىق غازلار بۇ؟ شۇنچە ئوبدان ئامالنى تاپقىنىنى قاراڭلار!» دېيىشىپ ماختاپ كېتىشىپتۇ. بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ پاقا ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالماپتۇ-دە، بۇ ئامالنى ئۆزىنىڭ تاپقانلىقىنى جاكارلىماقچى بولۇپ: «مەن...» دېيىشىگىلا چىشىقتىن ئاغزى چىقىپ كېتىپ يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ[9]. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇلار بىر ھېكايىنىڭ ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندىكى ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاغزىدىن كىتابلارغا، كىتابلاردىن خەلق ئاغزىغا ۋە يەنە كىتابلارغا كۆچۈشتەك جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

پالى تىلىدىكى «جاتاكا سوترە» (本生经) (308-ھېكايىسى) دە «پاراسەتلىك قۇش يارالمىشى» ناملىق بىر ھېكايە بار. ۋاڭ جىپىڭ بىلەن ياڭ فۇشۆ بۇ ھېكايىنى خەنزۇچە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى» نىڭ 3-تومىدىكى «شىر بىلەن غاز» ناملىق ئۇيغۇر خەلق مەسەلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى بىر مەنبەدىن چىققان، يەنى ئەسلى ھىندىستاندىن تارقالغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ[10]. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر خەلق مەسەلى «شىر بىلەن تۇرنا» بىلەن ئوخشاش، «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» دا مۇنداق ۋەقەلىك بار:

«بىر شىر گۆش يەپ سۆڭىكى گېلىغا تۇرۇپ قاپتۇ. گېلى ئىشىشىپ ھېچنېمە يېيەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئاغرىق دەردىگە زادىلا چىدىيالماپتۇ. ئۇ قۇش (تۆمۈر تۇمشۇق سۈرىتىدىكى بوتىساتۋا) ئوزۇق ئىزدەپ چىققاندا، بىر دەرەخ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ، شىرنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭدىن: «دوستۇم بىئارام بولۇۋاتامسىز» دەپ سورىدى. ئۇ ئىشىنىڭ جەريانىنى دەپ بەردى. قۇش ئېيتتىكى: «دوستۇم، مەن ئۇ سۆڭەكنى ئېلىۋېتىشنى خالايمەن. بىراق

بېشىمنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا تىقىشقا پېتىنالمايمەن. سىزنىڭ يەۋېتىشىڭىزدىن قورقىمەن» دېدى. «دوستۇم، قورقماڭ، مەن سىزنى ھەرگىز يېۋەتمەيمەن، مېنىڭ ھايات قېلىشىم سىزگە باغلىق: دېدى شىر. قۇش: «بولىدۇ!» دەپلا شىرنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى. بىراق ئىچىدە: «كىم بىلىدۇ، ئۇ يەنە بېرەر ھىلى-نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتامدۇ تېخى» دەپ ئويلاپ، شىرنىڭ ئاغزىنىڭ يېپىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر تال تاياقنى ئۇنىڭ ئۈستۈنكى تاڭلىيى بىلەن ئاستىنقى تاڭلىيىغا تىرەپ قويۇپ، ئاندىن بېشىنى تىقىپ تۇمشۇقى بىلەن سۆڭەكنى چىشلەپ ئېلىۋەتتى. سۆڭەك ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بېشىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىرىۋېلىپ، تۇمشۇقى بىلەن تاياقنى ئېلىۋەتتى-دە، دەرھال دەرەختە چىقىۋالدى. شىرنىڭ كېسىلى ساقايدى. بىر كۈنى بىر شىر بىر سۇ كاللىسىنى تۇتۇپ يىدى. قۇش: «ئۇنى بىر سىناپ باقاي» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېگىز بىر تۈپ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ، «ئامىتابا!» دەپ سۆز باشلىدى: «ھۆرمەتلىك شىر ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىگە خىزمەتكارلىقنى ناھايىتى ياخشى بەجا كەلتۈرگەنىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق جاۋاب قايتۇراي دەيلا؟» شىر بۇنى ئاڭلاپ جاۋابەن «ئامىتابا» دېۋەتكەندىن كېيىن: «مەندەك بىر رەھىمنى بىلمەيدىغان قانخور مەخلۇقنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن ساق-سالامەت چىقىپ كەتكىنىڭگە شۈكرى قىلساڭ بولارمىكىن!» دېدى. قۇش بۇنى ئاڭلاپ: «ئامىتابا! ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەمدىن زادىلا ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدىكەن، ياخشىلىق قىلىپ يەنە ئۇنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكىلى بولمىغاندىكىن، ئۇنداق كىشى نەپرەت ۋە لەنەتكە لايىقتۇر» دېدى[14].

ئۇيغۇر خەلق مەسەلى «شىر بىلەن تۇرنا» دا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ:

«شىر بىر بېلىقچىنىڭ تۇتۇپ قويغان بېلىقلىرىنى ئوغرىلاپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالدىراپ يېگەن ئىكەن، بېلىقنىڭ قىلتىرىقى كېكىرتىكىگە سانجىلىپ قاپتۇ. يا يۇتالماپتۇ يا چىقىرىۋېتەلمەپتۇ، بارغانسېرى كېكىرتىكى ئاغرىپ، ئاغزىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاخىرى بولالماي دوختۇر ئىزدەپ ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىشقا باشلاپتۇ، يولدا بىر تۇرنا ئۇچراپتۇ، شىر ئۇنىڭغا يېلىنىپ: «تۇرنا ئۇكام، مالال كۆرمەي كېسىلىمنى داۋالاپ قويساڭ، بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن»، دەپتۇ. «تەخسىر!» دەپتۇ تۇرنا ھەم ھەيران بولۇپ ھەم قورقۇپ «مەن ھېچقانداق بېرەر كېسەل داۋالاپ باققان ئەمەس، تېۋىپلىقتىن قىلچە خەۋىرىم يوق!»، «ئۇكام مېنىڭ بۇ كېسىلىمنى چوقۇم سەن داۋالىيالايسەن، باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مەندىن ياردىمىڭنى ئايىمىغىن» دەپ بىچارىلارچە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ شىر. «خوش، ئۇنداق بولسا نېمە كېسەل بولۇپ قاللا، قېنى ئاڭلاپ باقاي»، دەپتۇ تۇرنا ئىلاجىسىز. شىر بوينىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ: «مانا، قاراپ باق، بېلىقنىڭ قىلتىرىقى كېكىرتىكىمگە سانجىلىپ بەك ئازابلاپ كەتتى، ئۇزۇن تۇمشۇقىڭنى تىقىپلا ئېلىۋەتسەڭ بولىدۇ». تۇرنا شىرنىڭ ئاغزىغا تۇمشۇقىنى تىقىشتىن قورقىسىمۇ ئىلاجىسىز رازى بوپتۇ-دە، ناھايىتى ئەستە قىلتىرىقنى ئاپتۇ. شىر ئەركىن نەپەس ئاپتۇ ۋە تىلى

بىلەن كالپۇكلىرىنى يالاپ، خېلى ئارام تاپقاندەك بوپتۇ. «تۇرنا ئۇكام، رەھمەت ساڭا، ئەمدى ياردەم قىلغاندىن كېيىن ئاخىرغىچە قىلغىن، سەندىن يەنە بىر ياردەم سورايمەن. سەنمۇ كۆردىڭ، كېكىرتەكمگە قىلتىرىق تۇرىۋېلىپ بىر نەرسە يېيەلمىگىلى ئىككى كۈن بولدى. قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويساڭ...«شىر ئاكا»، دەپتۇ تۇرنا چۆچۈپ كېتىپ، «مەن سىلىنىڭ قورساقلىرىنى قانداق تويغۇزىمەن؟ كېسەللىرىنى ساقايتىپ قويدۇمغۇ! سىلى يەنە....»، «تۇلا كاپشىما!» شىر بىردىنلا شالۋىقىنى چېچىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. «بايا تېخى گەپ قىلمىسام، مەينەت تۇمشۇقىڭنى ئاغزىمغا تىقىۋاتىسنا؟! بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھاقارەت بولامدۇ ماڭا! خاتىرەڭنى جەم قىل، مەن سېنى يېمەي قويمايمەن!»، «شىر ئاكا، ئۇنداق قىلمىسىلا»، دەپتۇ تۇرنا دىر-دىر تىترەپ «ئۆزلىرى كېسىلىمنى داۋالاپ قوي، دېگەندىن كېيىن تۇمشۇقىمنى تىقتىمغۇ؟». شىر تاقىتى تاق بولۇپ، «قۇرۇق گېپىڭنى قوي! كېسىلىمنى داۋالايمەن دەپ جېنىمنى قىينىدىڭ، ئاغزىمدىن بىرمۇنچە قان ئاققۇزدۇڭ، بۇ جىنايىتىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!» تۇرنا يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا شىر بىرلا ئېتىلىپتۇ-دە، تۇرنىنى تۇتىۋېلىپ، «سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېرىشكە نەدە ۋاقتىم! قورسىقىمنى ئاچۇرىۋەتتىڭ!» دەپتۇ ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تۇرنىنى يەۋېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن: «ۋاپاغا جاپا» دېگەن گەپ پەيدا بولغان ئىكەن»[15].

يۇقىرىقى ئىككى ھېكايىنى ئوبدان كۆزەتسەك، ۋەقەلىكنىڭ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاساسلىق پەرقىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە كۆرۈلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» دا ھىندى بۇددىزم ھېكايىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى بۇددانىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدا ھايۋانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ ياخشىلىق قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇتساتۋاغا خاس پەم-پاراسىتى مەدھىيىلەنگەن. شۇنداقلا شىرنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىشتەك قەبىھ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان. «شىر بىلەن تۇرنا» دا ئازراقمۇ دىنى پۇراق يوق. ئۇنىڭدا كىشىلەر ئالدامچى، زوراۋان، شەپقەتسىز كىشىلەردىن ئاگاھ بولۇش، ساۋاق قوبۇل قىلىش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. بۇ ئەھۋاللار بىر خىل تىپتىكى ھېكايىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت، قىممەت قارىشى ۋە تارىخىي شەرت-شارائىت ئاستىدا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەسلى ھىندىستاننىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە خەلقىمىز ئارىسىغا ھەرخىل شەكىلدە تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ مەسەلچىلىك ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولغان، شۇنداقلا بۇ تەسىر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھات:

① جى شيەنلىن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «قەدىمكى ھىندى ئەدەبىيات تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە 135 ـ بەت.

② ③ ⑩ جى شيەنلىن: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە 125 ـ ، 42 ـ بەت.

④ ليۇ شوۋخۇا: «تاڭ شۇەنزاڭ خاتىرىلىگەن قەدىمكى غەربىي يۇرت خەلق چۆچەكلىرى»، «مەدەنىيەت كۆزنىكى»، (《文化广角》) 89 ـ بەت.

⑤ ⑥ ⑨ ۋاڭ جىپىڭ، ياڭ فۇشۆ: «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» دىن «شىر بىلەن غاز» غىچە ـ ھىندى جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە بىر مىسال»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، خەنزۇچە 90 ـ بەت.

⑦ پىتىر زېيمى: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكلەردىكى شەكلى ئۆزگەرگەن جاتاكا چۆچەكلىرى»، «دۇنخۇاڭشۇنالىق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان، خەنزۇچە 138 ـ 140 ـ بەتلەر.

⑧ لاڭ يىڭ: «ھىندى بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» غا كىرىش سۆز، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق » ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، 262 ـ بەت.

⑪ ⑫ فەن جىنشى: «بۇددىزم ھېكايىلىرى رەسىملىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان 3 ـ بەت.

⑬ ⑭ ⑮ ⑯ ⑰ ⑱ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالتۇن يارۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 421 ـ بەت، ق. ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 59 ـ بەت، 31 ـ بەت، 105 ـ بەت، 117 ـ بەت، 94 ـ بەت، 98 ـ بەت.

⑲ جى شيەنلىن: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 149 ـ بەت.

⑳ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 162 ـ بەت.

㉑ «ھىندى خەلق چۆچەكلىرى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 163 ـ بەت.

㉒ «ھىندى ئەپسانىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى، 147 ـ بەت.

㉓ «تۇتىنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 60 ـ بەت.

㉔ «جاھاننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى، 36 ـ بەت.

㉕ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىلى نەشرى، 68 ـ بەت.

㉖ ㉗ ㉘ ㉙ لى فۇچىڭ (رۇسىيە): «لى فۇچىڭ جۇڭگو كلاسسىك پروزىسى ھەققىدە»، «ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەر ئەدەبىياتىدىكى رولى»، تەيبېي شەھەرلىك خۇگيې مەدەنىيەت ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى بېسىپ تارقاتقان، 1997 ـ يىل 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 236 ـ بەت، 244 ـ بەت، 245 ـ بەت، 243 ـ بەت.

[9] «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1-قىسىم 86-بەت.

[10] گارشىن (رۇسىيە): «ساياھەتچى پاقا» ، «دۇنيادىكى مەشھۇر چۆچەكلەر» (1) شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998-يىل نەشرى، 46-بەت.

[11] «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» 1-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 11-ئاي نەشرى، 63-بەت.

[12] [14] ۋاڭ جيېڭ، ياڭ فۇشۆ: «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» دىن (شىر بىلەن غاز) غىچە - ھىندى جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە بىر مىسال» ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2005-يىللىق 2-سان، 88-بەت.

[13] «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» 1-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى، 65-بەت.

(ئاپتور:قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى بويىچە ماگىستىر )

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قوچو ئېلىدىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلەر

ئابلەت ياسىن

*بۇ ماقالىدە ئىدىقۇت جەمئىيىتىدىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ تۈرى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، باج-سېلىق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.*

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، مەڭلىك تېكىن [Manglig Tegin] باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئىۋىرغول (توغرىسى ئۇيغۇرغول، هازىرقى قومۇلنى كۆرسىتىدۇ) ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ كىنگىت (قاراشەھەر) كە كەلدى. كېيىن بۆكۈتېكىن مەڭلىك تېكىننى ئۆلتۈردى ۋە قاراشەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى بىرلەشتۈردى. 866-يىلى قوچو (تۇرپان)نى ئىگىلەپ دەسلەپكى قەدەمدە قوچو ئېلىنى قۇردى، قوچو بىلەن بېشبالىقنى ئاساسىي پائالىيەت مەركىزى قىلدى. بۇ ئەلنىڭ خانى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالدى. خانلىقنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىمالدىكىلىرى بولسا چارۋىچىلىق قىلاتتى.

جەمئىيەت خاراكتېرى جەھەتتىن «قوچو ئېلى فېئوداللىق جەمئىيەت»[1] بولۇپ، ئورقۇندا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا يۈرۈيدىغان كىشىلەر تەڭرىتاغ ۋادىلىرىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ماسلىشىپ، نۇرغۇنلىرى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتتى. قوچونىڭ ئىگىلىكىمۇ خېلى گۈللەنگەن بولۇپ، پۇقرالار باياشات ئىدى، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتى.

سىنىپنىڭ بارلىققا كېلىشى- كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇش نۇقتىسىدۇر. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇقەررەر ھالدا يۇقىرى-تۆۋەن قاتلام شەكىللىنىدۇ. مەلۇم بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە شۇ ئىمتىيازدىن كەلگەن باياشات تۇرمۇشى يەنە بىر تۈركۈم ناھايىتى جاپالىق ئىشلەيدىغان، ئەمما تۇرمۇشى جاپالىق، ئۆز جېنىنى ئاران جان قىلالايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بەدەل قىلىدۇ. ئىدىقۇت قوچو ئېلىدە گەرچە مەدەنىي ھايات جانلىنىپ، خەلق ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يامان ئەمەس تۇرمۇشقا ئېرىشكەن، خۇددى تاڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئېيتقاندەك «بىرمۇ نامرات كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان»[2] بولسىمۇ، جەمئىيەت بولۇش

خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭدا مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى-قىلىنغۇچى، باي-كەمبەغەل بولىدۇ. يۇقىرى تەبىقە، تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى بولىدۇ. ئىدىقۇتتىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىگە يېرى ئاز ياكى يېرى يوق دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، چارۋىچىلار كىرەتتى.

يېزا ئىگىلىكى قوچو ئېلىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «خانلىقتا يانچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. يەرلەر ئاساسلىقى خانلىق ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، ئىبادەتخانىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر، پومېشچىكلار خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر ۋە ئۇششاق دېھقانلار يەرلىرى دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنەتتى»[3]. ئالدىنقى ئۈچ تەبىقە مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەر ۋە مال-چارۋىلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بىر قىسىم يەرلەر شۇلارغا قارايتتى. دېھقانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاز ساندا يېرى بار بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرى ئىجارە ئېلىپ تېرىيتتى.

قوچو ئېلىدا «ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئاساسلىقى دېھقانلار ئىدى»[4]. ئەمەلىيەتتىمۇ دېھقانلار دۆلەت ياكى فېئوداللار ئەسىرىگە چۈشۈپ قالغان بىر سىنىپتۇر. ئۇلار بىر دەرىجىگە ئەمەس «نۇرغۇن كاتېگورىيىلەرگە بۆلۈنەتتى»[5]. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بايلىق جەھەتتىن پەرق مەۋجۇت ئىدى. يازمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، دېھقانلار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە دەرىجىگە بۆلۈنەتتى:

1) قالانچى — بۇ دۆلەت تەرىپىدىن ياللاپ ئىشلىتىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ «شەخسىي بېقىندىچىلىقى بولمىغان دېھقانلار» نى[6] كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن بىر قەدەر ئەركىن ئىدى. يازمىلاردىن بىلىشىمىزچە، قالان ئەسلىدە دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان بىر خىل باجنى كۆرسىتەتتى. مۇشۇ خىل باجنى تاپشۇرغۇچىلار قالانچى دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن بىر ھۆججەتتە «ئەلچى قالان يىغقان ۋاقىتتا» [7] دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. ئۇلار خانلىقنىڭ دېھقانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) يىدرۇ (ئىدرۇ) — فېئوداللارغا بېقىندى بولغانلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار فېئوداللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. فېئوداللار ئۇلارنى تېرىلغۇ يەرلىرىگە مۇقىملاپ قويىدىغان بولۇپ، خالىغانچە ئىشلىتەلەيتتى. ئىدرۇلارنىڭ خالىغانچە كۆچۈپ كېتىش ئەركىنلىكى بولمايدۇ. ئوردىغا باج سۈپىتىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن تاپشۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى دېھقانلارنىڭ يەر ئىگىلىرى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشى بولۇپ، خوجايىنىنىڭ ھەتتا ئۇلارنى سېتىۋېتىش ھوقۇقى بولىدۇ.

3) كۈۋاك (قۇبراق، قۇۋاق) — بۇ تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ جاپالىق ئىدى. ئۇلار ھەم دۆلەتكە يەرلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتلىرىدىن تاپشۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلدارلارنىڭ مائاش مەنبەسى سۈپىتىدە غەللە-پاراق تاپشۇراتتى. بەگلەرگە ئەمگەك قىلىپ بېرىدىغان بولۇپ، ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيتتى.

4) تۇتۇق-بۇنداقلار بايلارغا قەرزدار بولۇپ قالغانلار بولۇپ، قەرز ئىگىسى تەرىپىدىن گۆرۈ ۋە تۇرغاق ھېسابىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇپ ئەمگەككە سېلىناتتى. بەلگىلەنگەن ئەمگەك نورمىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىنلىككە چىقاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ۋەسىقىلەردىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «مەنكى قايتسۇ تۇتۇقغا خىراجەت ئۈچۈن كۈمۈش كېرەك بولۇپ قالغاندا، ئۆز

ئوغلۇم تىتسونى چىنتسۇ سېلىغا گورۇ سۇپىتىدە ئۈچ يىل ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن بەردىم»[8].

5) قاداش ـ بولار ئەركىن دېھقانلار بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىقىدۇر. ئۇلار ئورون جەھەتتىن ئىدرۇلارغا يېقىن كېلىدۇ. بۇلار ئەمەلدارلارنىڭ تۇققانلىرى بولۇپ، شۇلار تەرىپىدىن قوغدىلاتتى. ئەسلىدىمۇ «قاداش-تۇققان، يېقىن ئادەم، دوست-ئاغىنە، يولداش»[9] دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىقە خاراكتېرىگە ماس كېلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئاشۇ بەگ-ئەمەلدارلار ئائىلىسىدە ئەمگەك قىلىدىغان بولۇپ، خوجىلىرىغا مەلۇم مىقداردا غەللە-پاراق تاپشۇرىدۇ، لېكىن «بەزىدە بىر ئۆلۈش مۈلۈككىمۇ ئىگە بولالايدۇ»[10].

6) قۇل — ھەممىمىزگە مەلۇم، قۇللارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ھېچنىمىسى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۆزىگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. ئۇلار خوجايىنلار قۇلىدىكى ماددىي بويۇمغا ئوخشاش بولۇپ، خالىسا ئىشلىتەتتى، خالىسا سېتىۋېتەتتى. بۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. قۇللارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە قەرز بولۇپ قايتۇرالمىغان قەرزدارلار ئىدى. ياخشى يېرى قۇللار خوجايىنلىرى بىلەن مەلۇم نەرسە تۆلەش شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ قوشۇلىشى ئارقىلىق ئازادلىققا چىقالايتتى.

7) قارا باش — بۇنداقلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر تەبىقىسى بولۇپ، خوجايىنلارنىڭ چاكار، مالايلىرىغا توغرا كېلەتتى.

8) كۈڭ — بۇ ئايال قۇلنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن تىخونوف بۇنى «قارا باش بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، كۈڭ موگخۇلچە سۆز دەپ قارايدۇ»[11].

قوچو ـ ئىدىقۇتتا يەنە بۇددا، مانى دىنلىرىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، بىر تۈركۈم دىنىي تەبىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل كىشىلەر ئىبادەتخانىدا مەخسۇس دۇئا-تىلاۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار ئەمگەك قىلمايتتى. ئۇلارنى تەمىنلەش ئاددىي پۇقرالار ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولۇپ، بۇ ھال خەلقنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقنى كۆپەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ساگرام، ئىبادەتخانىلارغا تەئەللۇق «نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر، ئۈزۈمزار باغلار، چارۋا-ماللار بار[12] بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاددىي پۇقرالار ھەقسىز قىلىپ بېرەتتى. بەزى يېرى يوقلار ئىبادەتخانىلارنىڭ بۇ خىل يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. پۇقرالاردىن «ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىنى تېرىيدىغان، ھەقسىز ھاشا ئەمگىكى قىلىدىغان ئىشلەمچىلەر»[13] بولغانىدى. يەنە پۇقرالاردىن يىغىۋېلىنغان «ئۆشرە-زاكاتمۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىساد مەنبەئەلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنى تاپشۇرۇش دۆلەت تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە ئىدى.

راھىبلار قاتلىمىنىڭ تۆۋەن تەبىقىسى بولمىش مەخسۇس بىر تۈركۈم سارىلار بار ئىدى. سارى ـ سانسكرىتچە ئاتالغۇ بولۇپ، بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار چوڭ راھىب كالانلارنىڭ مالىيى بولۇپ، ساگرامغا تەۋە ئېتىزلاردا، باغ-ۋارانلاردا ئەمگەك قىلاتتى. ياكى ئىبادەتخانىلارغا تەئەللۇق مال-چارۋىلارغا قارايتتى. جىسمانىي جەھەتتىن قۇللارغا ئوخشاش ئىدى. تۇرمۇشى جاپالىق، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىدى. ئەگەر ئۇلار «راھىبلارنىڭ ئاش-تامىقىنى خام قىلىپ قويسا، 300 دەررە ئۇرۇلاتتى، يەنە دىندارلار ئاغرىپ قالغاندا ياخشى قارىمىسىمۇ 300

دەررە ئۇرىلاتتى»[14].

مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈزۈمىمۇ ناھايىتى چىڭ بولۇپ، مانى راھىبلىرىنىڭ مەرتىۋە پەرقى چىڭ ئايرىلاتتى، مۇجاكلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ئەڭ يۇقىرى قاتلام، دىنتۇلار (تىڭشىغۇچىلار) تۆۋەن قاتلام ھېسابلىناتتى. مەلۇم بولۇشىچە، مانى دىنىغا باغلانغان ئىجارىكەش ۋە ياللانما دېھقانلار «ھەر يىلى ئىبادەتخانىغا 960 دەن (بىر دەن تەخمىنەن 400 جىڭ ئەتراپىدا) بۇغداي، 84 دەن كۈنجۈت، 24 دەن پۇرچاق، 36 دەن تېرىق تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى»[15]. بۇنىڭدىن پۇقرالار يەلكىسىدىكى يۈكنىڭ قانچىلىكلىكىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مانى ئىبادەتخانىلىرىغا تەئەللۇق ئىشلارنى قىلىدىغانلاردىن مال باققۇچى، غاز، ئۆردەك، توخۇ، كەپتەر، باققۇچى، ئۈتۈنچى، كىگىزچىلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

خانلىقتا ئاياللار مەسىلىسىمۇ يەنە بىر دىققەتنى تارتىدىغان مەسىلىدۇر. ئاياللار مەسىلىسى دۇنيادا تاھازىرغىچە تەلتۆكۈس ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاياللارمۇ قوچو ئىدىقۇت ئېلىدىكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپلاردىن بولۇپ، بەزى ۋەسىقىلەردىن بىز ئىدىقۇت ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەھۋالىنى ئازدۇر-كۆپتۇر پەرەز قىلالايمىز. ئاياللارنى سېتىش توغرىلىق مۇنداق بىر پارچە ھۆججەت ئۇچرايدۇ، مايمۇن يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى مەن تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىز (قۇتلۇق ئاتلىق خوتۇن كىشىنى) ساتقان پۇلنى تۆگەل ساناپ ئالدۇق. بۇ قۇتلۇق ئاتلىق خوتۇن كىشىنى قۇتلۇق تىمۇر مەڭگۈ ئۆز ئىلكىدە تۇتىدۇ، خالىسا تۇتسۇن، خالىسا باشقا كىشىگە ساتسۇن[16]... .بۇ ھۆججەتتىن مەلۇمكى، ئاياللار كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بىر ئاددىي بۇيۇم سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ، خالىغانچە ئېلىپ-سېتىلىدىغان تاۋارغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇلارنى كەمسىتىشمۇ ئادەتتىكى ئىش ئىدى. يەنە ئاياللارنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ، ئارىدىن پايدا ئالىدىغان، يەنى ئادەم سودىگەرلىرىمۇ بار ئىدى. تېخى بۇنداق ئاياللارنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولغانلارمۇ بار. بىر ھۆججەتتە «ئۇيغۇر تاتمىلىك بىلەن قارابوقا ئىككىسى خوتۇن-قىزلارنى سېتىپ، بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان. قالمىتۇ بىر چۆرىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ بۇلاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان[17] دېيىلگەن. قوچو ئىدىقۇت ئېلىدا ئاياللارنىڭ يۇقىرىقىدەك كەمسىتىلىشىدىن بۆلەك يەنە بىر قەبىھ ئادەت پەيدا بولغان بولۇپ، بەختكە يارىشا ۋاقتىدا پەرمان چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان. ئۇ بولسىمۇ بەزى كىشلەردە كېلىنلىرى قىز تۇغۇپ قالسا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. خان يارلىقى پۈتۈلگەن ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ. «..... بۇنىڭدىن كېيىن كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېلىنلىرى قىز بالا تۇغسا سۇغا تاشلىۋېتىدىغانلار بولسا، مال-مۈلكىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيدىكىلەردىن بىر كىشى چىرىكلىككە تۇتۇپ بېرىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن پاش قىلغۇچى ئەگەر قول-دېدەك بولغان بولسا قۇللۇقتىن بوشىتىلىپ ئازاد قىلىنىدۇ....»[18] بۇ خىل قىز بالىنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان قەبىھ ئادەت ئەۋج ئېلىشقا باشلىغاندا، بىر قىسىم باخشى-بىلگىلەر خانغا بۇ توغرىلىق ئەرز سۇنغان، خاننىڭ مەخسۇس ياساق چۈشۈرۈشى

نەتىجىسىدە بۇ ئىش تۇسۇپ قىلىنغان. دىققەت قىلىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئەينى دەۋردە پۈتۈن دۇنيادا ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ، بۇ ھەرگىز قوچو ئىدىقۇت ئېلىگە خاس ئادەت ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە، تېخى خانىنىڭ مەخسۇس ياساق-يارلىقىدىن بىز قوچو ئىدىقۇت ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

---

ئىزاھاتلار:

① قازاقىستان ئۇيغۇرناشلىق تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 258-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 3-ئاي نەشرى.

② ئۆز قان ئىزگى يازغان، مۇھەممەت رېھىم تەرجىمە قىلغان «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچو ئېلىگە ساياھات خاتىرىسى ھەققىدە»، 90-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 4-ئاي 1-نەشرى.

③ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئالىي مەكتەپ تارىخى دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 189-بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىل 1-ئاي نەشرى.

④ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 93-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006-يىل 4-ئاي نەشرى.

⑤ ⑥ ⑧ ⑪د.تىخونوۋ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، 228-، 236-، 254-، 273-بەت، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 12-ئاي نەشرى.

⑦ تيەن ۋېيجياڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە) 151-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 4-ئاي نەشرى.

⑨ د.تىخونوۋ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» 261-بەت، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 12-ئاي نەشرى.

⑩ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 94-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 4-ئاي نەشرى.

⑫ ⑬ ⑭ ⑮ئىسمائىل تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، 63-، 247-، 248-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 12-ئاي نەشرى.

⑯ ⑰ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن «يادىكارلىقمىزدىن مەدىنىيىتىمىزگە نەزەر» 74-، 75-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 8-ئاي نەشرى.

⑱ نۇرۇللا مۆئمىن، ئېزىز ئاتاۋۇللا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇرپان ھۆججەتلىرى» 56-بەت، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998-يىل 3-سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى فولكلور كەسپى 2006-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرى توغرىسىدا

داۋىد ئېسىنىق

840 ـ، 841 ـ يىللاردا ئورقۇندىن تۇرپان بېشبالىققا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ 866 ـ يىلى قوچو ئۇيغۇرخانلىقىنى قۇرغان ئىدى. بۇ دۆلەتنى تېنچلىقپەرۋەر تاشقى سىياسەت ئېلىپ بارغان دېيىشكە تولۇق ئاساس بار. چۈنكى ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىغان بىرمۇ مەلۇمات يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئۇيغۇر دۆلىتى 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا (866 ـ 1369) ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ ئۇرۇشقۇمار قاراقىتانلاردىن، تاڭغۇتلاردىن (غەربىي شىيا ـ ت)، توبۇتلەردىن ۋە ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىدىن ئۆز يېرىنى قوغداپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەلىپىگە لايىق ھەربىي كۈچكە ئىگە بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىدىكى قوچو تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېرىگە پات ـ پات ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقى توغرىلىق 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئۈچ توملۇق «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەن ئەمگىكىدە نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن. مەھمۇت كاشغەرىنىڭ ئۆزى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرىدىن بولغاچقا، كىتابىدا قاراخانىلار ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرپانغا قارشى ئۇرۇشىدىكى باتۇرلىقىنى، تاپقۇرغىلىقى (ئەقىل ـ پاراسەتلىكىنى ـ ت)، چاققان، ھەرىكەتچانلىقىنى، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەن. (مەھمۇت كاشغەرى، دىۋان، 1 ـ توم، 329 ـ، 407 ـ، 438 ـ، 446 ـ بەتلەر، 3 ـ توم، 253 ـ، 199 ـ بەتلەر)

قولىمىزدا قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر ئۇنى تولۇق يورۇتۇپ بەرگىدەك مەلۇمات يوقلىقىدىن بۇ مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم مۇمكىنچىلىكنىڭ بارىچە بايان قىلماقچىمىز.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادى بولمىش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئاكادېمىك ۋ.ۋ رادلوف ياۋروپا (ئاساسەن گرېك) مەنبەلىرىگە تايانغان ھالدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «....ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ ـ ئا) ئالىي باشلىقى بولغان، خەلق ئاتلىق مىڭلىقلارغا بۆلۈنگەن. ئۇلار ئۇ باشلىقلىرىغا ئىگە بولغان، ھەر مىڭلىق، يۈزلۈكلەرگە ھەم ئونلۇقلارغا بۆلۈنگەن. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز باشلىقلىرى بولغان، ئۇلار قاتار تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتمەي قاتتىق چۇقان سېلىپ دۈشمەنگە ئېتىلاتتى. ئەگەر قەتئىي قارشىلىققا ئۇچرىسا ئۇلارنىڭ توپى پىتىراپ كېتەتتى ھەم قايتىدىن ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن باشقا يەردە چاقماق تېزلىكىدە

يىغىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئوقىنى ئېتىشقا ناھايىتى مەرگەن ئىدى. ئىزىغا چۈشكەن دۈشمەندىن ئاتنى بولۇشىچە چېپىپ قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۇنى ئېتىۋالاتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا دۈشمەننى چىرماپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تور (ئارغامچا) تۇتاتتى» (ۋ.ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلارغا دائىر مەسىلىلەر)

بۇ مەلۇماتلار كىلاۋدي، تىپولومي، دىئونىس لىبىس، موسىسي، فورۇنسكىلارنىڭ 3-4-ئەسىرلەردە ياشىغان ھونلار، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قالغان مەشھۇر سەپەرنامىسىدۇر.

غەلىبە قازانغان دۈشمەندىن قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئېتىنىڭ تېزگىنىنى قويۇۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ يان بولۇشىچە تارتىپ ئوق ئۈزىۋاتقان جەڭچىنىڭ رەسىمى يۇقىرىقى يېنسەي بويىدىكى تاشتا ساقلىنىپ قالغان. بۇ قەدىمكى دەۋردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن رەسىمدە ئاتلىق جەڭچىنىڭ باش كىيىمىدە قۇش پەيلىرى دىڭگىيىپ تۇرىدۇ. (ئاننا مارىيە فون گابائىن «قوچو دۆلىتىدىكى تۇرمۇش» (850-1250) نىمىس تىلىدا، 6-قىسمى، ۋىسبادىن 1973-يىل 13-سىنتەبىر) مىلادىيىدىن ئىلگىرىدىكى تۆت ئەسىردىن (4-ئەسىر) بۇرۇن بۆكىگە قۇش پەيلىرىنى قادىۋالغان ئوقيادا ئالدى-كەينىدىكى نىشانلارنى چەنلەپ ئوخشاشلا تەگكۈزىدىغان مەرگەن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەنبەدە ئېيتىلغان جۈملىدىن مەھمۇت كاشغەرى ئۆز كىتابىدا زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى بىلەن «...ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان يەرگە يېقىنلاشقاندا... قاغان ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ بۆكلىرىگە بېكىتىۋالغان پەيلىرى قارچۇغا

قاناتلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار ناھايىتى مەرگەن ئاتقۇچىلار بولغان ئاتتا قاتتىق چېپىپ كېتىۋېتىپ ھەم ئالدىغا ھەم كەينىدىكى نىشانغا تەگكۈزەتتى» دەپ يازىدۇ. (مەھمۇت كاشغەرى: «دىۋان الغاتىت الترك» 1-توم 134-135-بەتلەر). ئۇيغۇر ئوقياچىلىرى توغرىسىدا تۇرپان ئىدىقۇت پايتەختىدە 981-984-يىلى ئەلچى بولۇپ تۇرغان سۇڭ سۇلالىسى ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندى مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە ئاتلىق يۈرۈشنى ۋە يادا ئوق ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ».

ۋاڭ يەندى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مىنىۋېلىپ ئوق ئېتىشقا ئادەتلەنگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرمەكتە. ئۇيغۇرلار ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ئوقيا ئېتىشقا شۇنچىلىك ئۇستا. ئۇ دىنني ئادەتكە ئايلانغان. ۋاڭ يەندىنىڭ ئېيتىشىچە قوچو شەھرىدە باھار پەسلىدە نۇرغۇن ئادەم بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ خوشال-خورام «گانئونى» «يوبىيانى» «سى زى نىن» قاتارلىق بۇرھانغا قاراپ ماڭغان. ئات ئۈستىدىكىلەر ھەر تەرەپكە ئوق ئاتاتتى. بۇنى «بەختسىزلىكنى قوغلاش» دەپ ئاتىشاتتى. د.ج كىلاۋسۇن مەھمۇت كاشغەرىنىڭ تۈرك ئالىمى ئاتالاي نەشر قىلغان لۇغىتىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرپان ئىدىقۇتىنىڭ خەلقى «بەش شەھەردە ياشايدۇ، ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى ۋە ياخشى ئوقياچىلار» دەپ يازغان.

تۇرپان ئىدىقۇتىنىڭ ھەربىيلىرى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەر قىسمىدىن ئىبارەت بولغان. ئاتلىق ئەسكەرنىڭ قورالى ئوق-يا، تۈز ئۇزۇن قىلىچ، پىچاق (خەنجەر) قالقان ۋە سىرتماق. سىرتماق ئات قىلىدىن ئىشلەنگەن، ئىنچىكە، ئۇچىدا (ئىككى

ئۇچىدا) سىرتىمقى بار ئارغامچا، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىرى مېتال قالپاق كىيگەن. بۇ قالپاق ئۇنىڭ بېشىنى، بوينىنى، مۈرىلىرىنى يېپىپ تۇرغان ئېگىكىنىڭ تېگىدىن باغلانغان (ئا.گابائىننىڭ «قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىدىكى تۇرمۇش» 164-بەت). مېتال قالپاقلار تۇرلۇك شەكىلدە، تۇرلۇك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىنچىكە پولات سىمنى توقۇپ ياسالغان. بەزىلىرىنىڭ چوققىسى ئۇچلۇق ئەمەس. سەندەلدەك كېڭىيىپ تۈگەيدۇ. بەزى قالپاقلار قۇلىقىغىچە قەلەيدىن ئىشلەنگەن، تۈۋىنى پولات سىمدىن توقۇلغان. مەسىلەن، قاراشەھەردىن تېپىلغان قالپاق ئەنە شۇنداق ئىشلەنگەن. بەزى بىر قالپاقلاردا ئالدى تولۇق ئوچۇق قالغان. (دۇنخۇاڭ ۋە ئاستانەدىن تېپىلغان قالپاقلار) بەزىلىرىدە پەقەت كۆز ئۇچۇنلا تۆشۈك قالدۇرۇلغان (ئا. گابائىننىڭ يۇقىرىدا نامى ئاتالغان كىتاۋى 173-بەت). ئاتلىق ئەسكەرلەر ياقىسى ئوچۇق ياكى بوينىنى تولۇق ئوراپ تۇرىدىغان مېتال «ياراق» «سان ياراق (ساۋۇت) يەنى مېتال پىندەك كىيىشكەن. («دىۋان الغاتىت الترك» 3-توم 173-بەت) ياقىسى ئوچۇق ياراقنىڭ ياقىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بوينىنى كەينى تەرىپىدىن يېپىپ تۇرغان. ياراق پولات سىمدىن توقۇلۇپ جەڭچىنىڭ بېلىگىچە چۈشكەن. ئۇنىڭ تېگى تەرىپىگە تاپىنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان سىمدىن توقۇلغان «خالات» ياكى «ئىشتان» كىيىلەتتىكەن (ئا. گابائىن: يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان كىتاب 164-رەسىم). « ئىشتان » بەلباغ بىلەن بەلگە باغلانغان. پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن. قوللىرى جەينىكىگىچە مېتال پىلاتكىلار بىلەن قاپلانغان. ئاتلىق جەڭچى جەڭ مەزگىلىدە ئاتنىڭ چولۋۇرىنى قويۇۋېتىپ ھەر ئىككى قولى بىلەن ئەركىن ھەرىكەت قىلاتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقتىن دۈشمەنگە دائىم چوڭ خەۋپ تۇغدۇراتتى. پىيادە ئەسكەرلەرمۇ جەڭگىۋار چاخسا (شوتا) نەيزە، تۈز ئۇزۇن قىلىچ، ئوقيا، پىچاق، قالغان (تۇدا قالقان) قۇببى-ئۇچىدا مىخ بار تۆمۈر-توقماق، كىيىش-ئوقدان خالتىسى، سىرتماق، قالقان (دىۋان لغاتىت الترك» III-توم 236-، 242-، 159-، 140-بەت. ئا. گابائىننىڭ يۇقىرىدا نامى ئاتالغان كىتاب، 173-، 174-، 175-، 176-، 178-سۈرەتلەر) بىلەن قوراللانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل پولاتتىن ياسالغان قىلىچ پىچاقلىرى، جوڭگودا (شىمالىي سۇڭ دۆلىتىدە) تاڭغۇتلاردا ناھايىتى يۇقىرى باھالانغان. غالاۋى ۋە كىيىش (ئوقدانى) ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن ھەم قىممەت باھالىق تاش، پىل ئۇستىخانلىرى بىلەن بېزەلگەن. جەڭچى دائىم ئۆزى بىلەن ئىنچىكە ئارغامچا ئېلىپ يۈرگەن. بۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سىرتماق قىلىپ دۈشمەن قاچقاندا دۈشمەن بوينىغا تاشلاپ، ئۆز قولىدا قالدۇرغان ئۇچى بىلەن تارتىپ بوغۇپ تاشلايدىكەن. پىيادە ئەسكەرلەرمۇ بەزىدە ئاتلىقلاردەك «تۆمۈر كۆينەك» - «كوبا يارۇق»، بېشىغا «دۇبۇلغا» كىيگەن. ئەمما پىيادە ئەسكەرلەر ئاساسەن يېنىك ۋە ھەرىكەت قىلىشقا قولايلىق كىيىم كىيگەن. بۆنىڭ يۇقىرى تەرىپى يۇقىرىغا قايرىلغان. ئۇنىڭ ئىككى قارا بوقغۇ - لىنتىسى مۈرىسىگە تۆۋەن چۈشكەن. سۈرەتتە بۆكنىڭ تېگىدىكى قارا چېچى كۆرۈنۈپ قالغان. جەڭچى يىپەك رەختى ياكى ماتادىن تىكىلگەن ياقىلىق ياكى ياقىسىز خالات

كىيگەن. خالاتنىڭ ئالدى تەرىپىنى ھەرىكەت قىلىشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تۈرۈپ تىزىگىچە كۆتۈرۈپ يوتىسىغا قىستۇرۇپ قويغان. كەينى تەرەپتە خالات تاپىنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ. جەڭ مەزگىلىدە يەڭ تۈرۈلگەن جەڭچىلەر ئوقنى ئۆرە تۇرغانچە ياكى ئوڭ ياكى سول پۇتىنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاتقان، تۆۋىنىگە كەڭ ئىشتان، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك ياكى تېرە چەملىك كۆن ئۆتۈك كەيگەن. ئايرىم مەلۇماتلارغا قارىغاندا 9-، 10-ئەسىردە تۇرپان ئەسكەرلىرى لاگىرلاردا تۇرغان ئىكەن. مەزكۇر لاگىرلارنى «توي» دەپ ئاتاشقان (دىۋان III-توم 155-بەت).

ھۆججەتلەر يەنە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلى ۋە رادلۇف يازغان دەۋرلەردىكى ئەجدادلارنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەنئەنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ھالدا داۋام قىلغان. مەركىزى ئاسىيا خانلىرىدا (غەربىي شىيا، غەربىي لياۋ، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى، تۈبۈت، قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى) ئۇ دەۋردە ئېھتىمال شۇنداق ئۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى تەلەپكە لايىق بولسا كېرەك. جەڭدە ھەل قىلغۇچ كۈچكە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىگە بولغانلار ئىبرىشكەن دېسەك خاتالاشمايمىز. ئاتلىق جەڭچىلەرنىڭ كەسكىن ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇمى ئۇتۇقنى - غەلىبىسنى قولغا كەلتۈرگەن. ھۇجۇمچىلار قىزىل بايراقنى ئالدىدا ئېلىپ ماڭغان (دىۋان III-توم 199-بەت) دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتسە ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش خەۋپى تۇغۇلسا ئاتلىقلار بىردىنلار كەينىگە چېكىنىپ ھەش-پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولغان. (مەھمۇت كاشغەرى «دىۋان الغاتىن التىرك» I-توم 433-بەت) پىيادە ئەسكەرلەر دەريالاردىن كېمىلەر بىلەن ئۆتكەن. (دىۋان III-توم 253-بەت) دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن تىڭتىڭچىلەرنى (يەزىك) ئەۋەتكەن. (دىۋان III-توم 97-بەت) ئۇيغۇرلار دۈشمەننى قورشاش تاكتىكىسىغىمۇ ماھىر بولغان. ئىدىقۇتمۇ قاراخانىلار قاغانىدەك توققۇز توغلۇق خاقان دەپ ئاتالغان. توغلارنىڭ سانى ھېچقاچان توققۇزدىن ئاشمىغان بۇ توغرىلىق مەھمۇت كاشغەر مۇنداق دەپ يازغان: «توققۇز توغلۇق خان ياكى خاقان تارمىقىدىكى شەھەر ۋە ئۆلكىلەر (سانى -ئا) ئېشىپ كەتسىمۇ توغى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. خانلىقنىڭ ئالىي دەرىجىسى توققۇز بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ خان توغلىرى توق سېرىق رەڭلىك شايى ياكى يىپەكتىن قىلىنىدۇ. بۇ ياخشى سۈپەتلىك بولۇش ئۈچۈن....» (دىۋان III-توم 140-بەت) مەلۇمكى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىرىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاقانى ۋە باش ۋەزىردىن تۆۋەندىكى دەرىجىدە توققۇز ۋەزىرى بولغان. توققۇزى توققۇز قەبىلىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. خان ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەتنى باشقۇرغان. مۇشۇ توققۇز ۋەزىر خاقاننى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلاندۇرۇپ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ھەممە ئۇيغۇر قەبىلىرى تەرىپىدىن ئىناۋەتكە ئېلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتى. ئورقۇن توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىدا بۇ ئەنئەنە قەتئىي ئورۇنلىناتتى. توغنىڭ بىر تەرىپى تۈز ئىنچىكە تاياقنىڭ ئۈچىغا باغلىنىپ (بېكىتىلىپ-ت) ئىككىنچى تەرىپىنىڭ ئۈچىنى بىر نەچچە پۇرۇچقا-لىنىتگە بۆلەتتى. پورۇچلارنىڭ ئاخىرى ئىنچىكىلىنىپ تۈگۈلەتتى. (ئا.گا بائىنىنىڭ يۇقىرىدا نامى

تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى 193 ـ سۈرەت.)

مەنبەلەردىن ھەربىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنۋانى ۋە ۋەزىپىلىرى بويىچە تۆۋەندىكىلەرنى ئېنىقلىدۇق.

تۇتۇق ـ ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي ۋالىي، خاقان تۇتۇقلاردىن پات ـ پات ئەلچىلەرنى بەلگىلىگەن.

پايتەخت دەرۋازىسىنى ساقلىغۇچىلار سانغۇن.

ئاتلىق ئەسكەر باشلىقى

نەيزە باشى يەنى ھەربىي قورالغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، مەشقاۋۇل ئوردا باشلىقى

ۋىلايەتنىڭ ھەربىي باش بۇغى

ھەربىي ئىش بويىچە بەلگىلەنگەن ۋەكىل

ھەربىي ئىش بويىچە بەلگىلەنگەن مەخسۇس ۋەكىل

ئۇيغۇر خاقانىنىڭ چوڭ سانغۇنى ـ ئۇلۇغ سانغۇن

نازارەت قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھەربىي ۋەكىل بۇيرۇق (بۇيرۇقچىلىك)

ئونلۇق ( ئون بېشى)

تۇغبىر ـ تۇغ كۆتەرگۈچى)

سۇ ـ پىيادە ئەسكەر (دىۋان III ـ توم 226 ـ، 209 ـ، 196 ـ، 124 ـ، 104 ـ، 103 ـ، 89 ـ، 86 ـ، 84 ـ بەتلەر)

يەزىك ـ تىڭچى (رازۋېتچىك)

بولۇن، بولۇنۇڭ ـ ئەسى

بىرىنچى قېتىم مىللىي ئىش سۈپىتىدە كىرگۈزۈۋاتقان مۇشۇ مەلۇماتلار تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقىدا ھەربىي ئىشلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئۆز زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. كېلەچەكتە بۇ مۇھىم مەسىلىنىمۇ كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇش ئۈچۈن مۇھىم ھۆججەتلەر تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتىمىز.

«كوممۇنىزىم تۇغى گېزىتى» 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىدىن تەييارلاندى.

تەييارلىغۇچى: مەھمۇدە يۈسۈپ
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# يىپەك يولىدىكى ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىسى

ئابدۇبەسىر شۈكرى

يېقىنقى زامان تارىخىدا يىپەك يولىدا ئەڭ دەسلەپتە ئېكسپېدىتسىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان كىشى گېرمانىيىلىك مەشھۇر جۇغراپىيىشۇناس شىلاگىن ۋائىت (SCHLAGIN WEIT) ئىدى، مىيونخېنلىق بۇ ئالىم 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى جۇغراپىيىشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا، ھىندىستان ۋە غەربىي ئاسىيالاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئۇ 1850 - 1851 - يىللىرى دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ ياۋروپاغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن يىپەك يولىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە يازغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدىمۇ بەزى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەنىدى. بۇ چاغدا دىيارىمىز ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنى قىزىقتۇرغانىدى، شۇنىڭ بىلەن 1893 - 1895 - يىللىرى رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن ۋ.ئى.روبوروۋىسكىي، پ.ك.كوزلوف قاتارلىقلار نۇقتىلىق ھالدا يىپەك يولىنىڭ دىيارىمىز بۆلىكىنى تەكشۈردى. 1897 - يىلىدىن 1909 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا د.كېلمېنتىز، س.ف.ئولدېنبۇرگلار باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر دىيارىمىزدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇلار نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. 1906 - يىلىدىن 1909 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا فرانسىيىلىك پ.پېللوت رايونىمىزدا ۋە دۇنخۇاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. 1901 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى ئا.ستەيىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۆت قېتىم رايونىمىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاندىن 1902 - يىلىدىن 1914 - يىلغىچە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئالبېرت.گرۇنۋېدېل، ئا.ۋ.لىكوك باشچىلىقىدا رايونىمىزدا تۆت قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈردى. ئەمما تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچىلا ياپونىيە يىپەك يولىدىكى بۇ تىلسىماتلار ھەققىدە ئاساسەن ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. پەقەت چەتئەللىكلەر يازغان ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى بەزى ماتېرىياللار ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى. ئۇ ماتېرىياللار ياپونىيىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان قىزىقىشنى بارلىققا

كەلتۈرگەنىدى. مەسىلەن، 1886 - يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا خاتىرىلىرى» ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

ياپونىيە ساماۋىي خان كالىندارى بويىچە مېئجىنىڭ 33 - يىلى (مىلادىيە 1900 - يىلى) باھار مەزگىلىدە، ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بىر ياش ياماتو يىگىتى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىگە ئوقۇشقا ماڭدى. ئۇ لوندوندا تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئا.ستەيىن مەركىزىي ئاسىيادىن ئېلىپ كەلگەن كۆپلىگەن يازما يادىكارلىق ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئەنگىلىيىلىكلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. بۇ چاغدا فرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە قاتارلىق ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا (بولۇپمۇ مەركىزىي ئاسىيا) غا بىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلەر پۈتۈن ياۋرۇپادا قىزىقىش پەيدا قىلغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان غەبلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان مەركىزى ئاسىيا ۋە قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىنى ياۋرۇپالىقلار قايتىدىن چۈشىنىشكە ئىنتىلدى. بۇ ھال ياۋرۇپادا ناھايىتى كۈچلۈك بىر مەيدان قىزغىنلىق دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. ياۋرۇپا شەرقشۇناسلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇنتىغان ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋرۇپاغا ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇزۇن قەدىمىي زامانلارنىڭ شاھىدلىرى بولغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە ھەرخىل ئاجايىپ يېزىقلارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.... ئۆزى بىر شەرقلىق بولغان ياماتو يىگىتى لوندوندا تۇرۇپ، ياۋرۇپانىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلىرىگە تاڭ قالدى. چۈنكى بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى (1893 - يىلى) دانىيە شەرقشۇناسى ۋىلىيام تومسېن ئورقۇن - يېنىسەي ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقى (تۈرك - رونىك يېزىقى) نىمۇ يېشىپ ئوقۇپ، دۇنيا شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. ياماتو يىگىتى بىر شەرقلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن 1902 - يىلى يىل بېشىدا ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى لوندوندىنلا ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ يولغا چىقتى. مانا بۇ ياماتو يىگىتى دەل پۈتۈن شەرقشۇناسلار نامىنى ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىدىغان ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئوتانى كوزىي (大谷光瑞) ئەپەندى ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئەمدىلا 27 ياشنىڭ قارىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە سۇنغان ئىلتىماسىدا، ياۋرۇپادا بولىۋاتقان شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا ياپونىيە تەرەپمۇ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى دەرھال تەستىقلىغانىدى. ئوتانى كوزىينىڭ قارىشىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىنى كېچىكتۈرۈشكە قەتئىي بولمايتتى. ئۇ، ئىلتىماسى تەستىقلانغان ھامان لوندوندا ئوقۇۋاتقان ۋاتارۇخوتورى باشلىق تۆت ياپونىيىلىك يىگىتنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىققانىدى. بۇ يىپەك يولىدىكى ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئوتانى كوزىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شۇ يىلى 9 - ئايدىلا ياپونىيىدىن ئەۋەتىلگەن سېيجوماسانى باشلىق «ياردەمچى ئەترەت» بىلەن ئۇچراشتى. ئوتانى كوزىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەمدى تولۇق

تەييارلىققا ئىگە بىر ئەترەتكە ئايلانغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەترەت يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇپپا ھىندىستانغا، بىر گۇرۇپپا رايونىمىزغا تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى. ئوتانى كوزىي ئەسلىدە لوندوندىن يولغا چىققاندا، موسكۋا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يار كەنت، مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىشنى پىلان قىلغانىدى، كېيىن «ياردەمچى ئەترەت» بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ۋاقىتتا ئۇتتۇش ئۈچۈن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئوتانى كوزىي ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رايونىمىزغا كېلىپ قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئىلمىي جەھەتتىن ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلاردىن تاچىبانا زىيچو (橘瑞超) ۋە نومۇرا ئېيتزابۇرو (野村荣三郎) ئەپەندىلەر ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار ئاساسلىق تۇرپان رايونىنى نۇقتا قىلىپ قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تۇنجى قېتىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بۇ قېتىمقى قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئانچە كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشەلمىدى. پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ تولۇقسىز قىسىملىرىنىلا قولغا چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەترەتمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ھىندىستانغا، يەنە بىر قىسمى سىبىرىيىگە ئاتلانغان. ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر ھىندىستان ۋە سىبىرىيىدىن بىرمۇنچە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، جۇڭگوغا كېلىپ ئۇچراشقان، ئاندىن نومورا ئېيزابۇرو جۇڭگودىن ياپونىيىگە قايتقان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كەلگەندە قارىغۇجىدا بەزى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى جەزىملەشتۈرۈپ قويۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا يەنە ھە دېگەندە ئۇلار ياپونىيىگە قايتمايلا ئىچكىرىدىن تۇرپانغا كەلدى. بۇ دەل 1904-يىلى ياز مەزگىللىرى ئىدى. بۇ قېتىم ئىلمىي يېتەكچى تاچىبانا زىيچۇ بولۇپ، ئۇ دەسلىۋىدە قوچو خارابىسىنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلدى. ئۇلار قوچو قەلئەسىنىڭ «قەدىمكى شەھەر دەرۋازىسى» دەپ پەرەز قىلغان جايىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سەل ئېگىز بىر تۆپىلىكنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، چوڭ بىر قەبرىنىڭ كىرىش ئىشىكىنى بايقىدى. شۇنداق قىلىپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قېزىپ رەسمىي گۆرلۈك قىسمىغا يەتكەندە، بىر قانچە قۇرۇق جەسەتلەر (مومىيالار)، بىر مۇنچە ئاخىرەتلىك بۇيۇم ۋە ئادەم، تۆگە، ئات ھەيكەللىرى چىقتى. ئۇلار ھە دېگەندىلا بۇ مۇكەممەل ساقلانغان مومىيالارنى مىسىرنىڭ قەدىمكى مومىيالىرىغا ئوخشىتىپ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ناھايىتى زور بايقاش دەپ قارىدى. ئۇلار جەسەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ، قەشقەردىكى تەكشۈرۈشكە كەتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ، مەدەنىي بۇيۇملارنى رەتلەشكە كىرىشتى. بۇ چاغدا ياپونىيىدىن يوشىكاۋا شوگورو (吉川小五郎) ئەپەندى باشچىلىقىدا يەنە «ياردەمچى قوشۇن» تۇرپانغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار بىرلىكتە جەسەت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلاپ، ئاندىن گۆرلۈكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى تۇرغۇزدى. شۇ چاغدىكى خاتىرىگە

ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىلەرنىڭ سىرتى يۇمىلاق شەكىللىك، ئىچى تار ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئىچىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4 گەز 4 سۇڭ 5 سانتىمېتىر، ئىچىنىڭ كەڭلىكى 8 گەز 3 سۇڭ، ئۇزۇنلۇقى 1 جاڭ（丈）3 گەز كېلىدۇ. جەسەتلەرنىڭ بېشى غەربكە، يۈزى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلغان. بۇ گۆرلۈكلەرگە بەزىدە 2-3 ئادەم بىرگە دەپنە قىلىنغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارغا كىيىم كىيگۈزۈلۈپ بېشىغا ياستۇق قويۇلۇپ دەپنە قىلىنغان. جەسەتلەرنىڭ بىرسى كىچىك ئوغۇل بالا، ئىككىسى ئايال، توققۇزى ئەر كىشى بولۇپ، جەمئىي 12 مومىيادۇر. بۇ مومىيالار كېيىن كورىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئوتانى كوزىي كورىيە مۇزېيىغا ئىككى مومىيانى قالدۇرغان. قالغان 10 مومىيا 1904-يىلى ياپونىيىدىكى كانتوچيو موزىي（关东厅博物馆）غا قويۇلغان، باشقا يادىكارلىق ۋە مەدەنىي بۇيۇملار كيوتوموزېي（京都博物馆）غا قويۇلغان. 1930-يىلى ياپونىيە كيوتو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تېببىي پەنلەر دوكتورى سېينو كېنجى（清野谦次）ئەپەندى تەكلىپ بويىچە بۇ جەسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 1931-يىلى بۇ ھەقتە بىر ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلدۇرغان (سېينو كېنجى: «ئوتانى ئەپەندى ۋە تاچىبانا ئەپەندىلەر ئېلىپ كەلگەن، مەركىزىي ئاسىيادىن قېزىۋېلىنغان مومىيالار ھەققىدە»، شوۋانىڭ 5-يىلى (1931-يىلى نەشرى) بولۇپ، زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ياپونىيىنىڭ رايونىمىزدىكى 2-قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى 1908-1909-يىللىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىممۇ يەنىلا ئوتانى كوزىي ئەپەندىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تاچىبانا زىيچو ۋە نومۇرا ئېيزابورو ئەپەندىلەر باشچىلىقىدا بىر ئەترەت تەشكىللىنىپ، ئاۋۋال بېيجىڭغا كەلدى. ئاندىن ئۇدۇل شىمالغا يول ئېلىپ موڭغۇلىيىگە بېرىپ، تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنى تەكشۈردى. بۇ تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل رايونىمىزغا كېلىپ، كۇچار، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت نۇقتىلىرىدا قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىم ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى يازما يادىكارلىق ۋە مەدەنىي بۇيۇملار خېلى كۆپ بولدى. بولۇپمۇ تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن مەدەنىي بۇيۇم ۋە يازما يادىكارلىقلىرى ھەممىدىن كۆپ بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سانسكرىتچە يازما يادىكارلىقلارمۇ خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. سانسكرىتچە يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس نوملىرى بولۇپ «ۋىسۋانتارا سۇترا»، «ئاۋالوكتېسۋارا سوترا»، «ئامىتايۇر سوترا»، «يامارايا سوترا» قاتارلىق قەدىمكى سانسكرىتچە قىممەتلىك سوترالاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە تۇرپان رايونىنىڭ ئاستانا، قاراغوجا، تويۇق، سۇ بېشى، سىڭگىم قاتارلىق يەرلىرىدىن ساپال بۇيۇملار، ياغاچ قونچاقلا ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن. ھازىر بۇ بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى توكيونىڭ ئۇئېنو دېگەن يېرىدىكى مەركىزىي مۇزېيغا تىزىلغاندۇر. 2-قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ياپونىيىدە يېپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە

مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تولۇق ئاساسىنى يارىتىپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ.

ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ رايونىمىزدا ئېلىپ بارغان 3-قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى 1910-يىلىدىن 1914-يىلىغىچە داۋاملاشتى.

بۇ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى يەنىلا ئوتانى كوزىي ئەپەندى بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي يېتەكچى تاچىبانا زىيچو ئەپەندى ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار ستەئىن بىلەن ئۇچراشتى، ھەممىدە لوندوندىن (ئۇلار ياپونىيىدىن لوندونغا بېرىپ ستەئىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ياۋروپادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ يولغا چىققان) ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلدى. 3-قېتىملىق سەپەرمۇ قۇتلۇق بولدى. يەنە نۇرغۇن قولىيازما ۋە مەدەنىي بۇيۇملار قولغا چۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان ئىقتىسادىي كېلىشىم-ھۆججەتلىرى مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيتتى. ھازىر ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان رايونىمىزدىن ئېلىپ كېتىلگەن ھەرخىل يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلار جەمئىي 7733 پارچە ئىكەن. («مەركىزىي ئاسىيا يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى 84-توم 81-بەت.) ھازىر ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوتانى ئۇنىۋېرسىتېتى، رىيۇكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، رىششو ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلارمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. دېمەك، رايونىمىزدا ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى كەڭ كۆلەمدە ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى.

## ياپونىيىدىكى شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى

ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىنىڭ بۇنكيو رايونى كوماگوجى دېگەن يېرىگە جايلاشقان شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى (تويو بۇنكو) ساما ۋېي خان كالىندارى بويىچە تايشونىڭ 6-يىلى (مىلادىيە 1917-يىلى) ھەمكارلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئىۋاساكى خىسايا ئەپەندىنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ، ئىلتىماس قىلىشى بىلەن قۇرۇلغان ياپونىيە دۆلەت قارمىقىدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدۇر. 1917-يىلى 8-ئايدا گيورگى. ئېرنس، مورسون (T. E. Morrison) ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن شەرقشۇناسلىققا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللىرىنى شۇنداق يۈكسەك بىر ئىستەك بىلەن ئىۋاساكى خىسايا ئەپەندىمگە تەقدىم قىلغانىدى. شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىۋاساكى خىسايا ئەپەندى شۇ يىلىلا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تەستىقلىتىپ، مەزكۇر تەتقىقات ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلدى. گ. ئا. مورسون (1862-1920) ئەپەندى ئەسلى ئاۋىستىرالىيىدىن، بىلىملىك زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، لوندوندا ئالىي مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مەمۇرىي كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ كىچىكىدىنلا شەرق مەدەنىيىتىگە ئىشتىياق باغلىغان. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان ۋە بىرمۇنچە تەتقىقات ماقالىلىرىنىمۇ يازغانىدى. 1911-يىلى ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن

ئالاھىدە ۋەكىل سۈپىتىدە جۇڭگوغا كېلىپ جۇڭخۇا مىنگونىڭ پرزىدېنت مەھكىمىسىدە سىياسىي مەسلىھەتچى بولۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك شۇنداقلا شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن خەنزۇچە ۋە باشقا تىللاردىكى ماتېرىياللارنى توپلىدى. بىر تەرەپتىن سىياسىي ئىشلار، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېشىمۇ چوڭىيىپ قالغاچقا، توپلىغان بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەينى چاغدىكى ياپونىيىدىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولغان ئىۋاساكى خېسايا ئەپەندىگە تەقدىم قىلىپ، مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا بىر تەتقىقات ئورنى قۇرۇش ئىشىنى ھاۋالە قىلدى. مەرىپەتپەرۋەر ئىۋاساكى خېسايا ئەپەندى دەرھاللا بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا تۇتۇش قىلىپ شەرقىي ئوكيان ماتېرىيال ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن توختىمىدى. 1924-يىلىغىچە بولغان يەتتە يىل ئىچىدە ئۇ ياۋروپا تىلىدىكى شەرقشۇناسلىققا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ۋە 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تاكى 20-ئەسىرنىڭ 24-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىپ كەلگەن قەدىمكى ھەم ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىرمۇنچە قولىيازمىلارنى سېتىۋېلىپ، ئامبارنى دەسلەپكى قەدەمدە خېلى مۇكەممەل ماتېرىيال مەركىزىگە ئايلاندۇردى. 1924-يىلى شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى مالىيە خانىسىنى مۇقىم تەستىقلاپ، كۇتۇپخانىدىن باشقا، ئۇنىڭ قارمىقىدا يەنە «شەرقىي ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات كومىتېتى»، «قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات كومىتېتى»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات كومىتېتى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات كومىتېتى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات كومىتېتى»، «يېقىنقى زامان جۇڭگو تەتقىقات كومىتېتى»، «چىڭ سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات كومىتېتى»، «كورىيە تەتقىقات كومىتېتى»، «مەركىزىي ئاسىيا، ئىسلام تەتقىقات كومىتېتى»، «تىبەت تەتقىقات كومىتېتى»، «جەنۇب تارىخى تەتقىقات كومىتېتى» (نۆۋەتتىكى ھالدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا قارىتىلغان)، «ياپونىيە تەتقىقات كومىتېتى» قاتارلىق مەخسۇس تەتقىقات ئورگانلىرىنى قۇردى. ھەر بىر تەتقىقات كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا يەنە مەخسۇس تەتقىقات ئىشخانىلىرىنى قۇردى. مەسىلەن، مەركىزىي ئاسىيا ئىسلام تەتقىقات كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا «مەركىزىي ئاسىيا تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشخانىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىشخانىسى»، «چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار تەتقىقات ئىشخانىسى» قاتارلىق مەخسۇس تەتقىقات ئىشخانىلىرى بار. مەزكۇر تەتقىقات ئورنى 1924-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» ناملىق 170 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات مەجمۇئەسىنى چىقىرىشقا باشلىغانىدى، ھازىرغىچە جەمئىي 89 توم نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنالنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىلمىي نوپۇزى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياپونىيىلىك شەرقشۇناسلاردىن باشقا يەنە ياۋروپا ۋە

ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ ئېلان قىلىندى. 1925 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ بۇ تەتقىقات ئورنى «شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى تەتقىقات نەتىجىلىرى كاتالوگى» نى ۋە 1926 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ «شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى تەتقىقات كاتالوگى» نى ئىزچىل نەشر قىلىپ كەلمەكتە. 1948 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ ياپونىيە مەدەنىيەت مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇ تەتقىقات ئورنىغا مەخسۇس ھۆكۈمەت تەتقىقات فوندى بېرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ھەر خىل كەسىپ بويىچە مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچىلار ۋە مۇتەخەسسىس پروفېسسرلار بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىنىپ، نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ «شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى» ياپونىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ بىر تەتقىقات تارمىقى قىلىپ قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى تېز سۈرئەت بىلەن ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. 1953 - يىلى خەلقئارا شەرقشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى ياپونىيە شەرقشۇناسلىق كومىتېتى مەزكۇر تەتقىقات ئورنىغا تەتقىقات فوندى بېرىشنى قارار قىلدى. 1961 - يىلغا كەلگەندە مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ئىسمى جىسمىغا لايىق، مۇكەممەل تەتقىقات سىستېمىلىرى ۋە تەتقىقات قوشۇنى بولغان، خەلقئارادا تەسىرى زور شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىغا ئايلاندى. 1976 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ ياپونىيە خەلقئارا تەتقىقات فوندى ئۇلارغا ھەر يىلى تەتقىقات تۈرى بويىچە مەخسۇس فوندى تەستىقلاپ بېرىشكە باشلىدى. 1977 - يىلى 11 - ئايدا مەزكۇر تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «شەرقشۇناسلىق ماتېرىياللار ئامبىرىنىڭ 60يىللىقى » ناملىق چوڭ ھەجىملىك توپلام نەشر قىلىنىپ، بارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇجەسسەملەندى.

«شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى 1976 - يىلىدىن باشلاپ، ئىزچىل ھالدا ياپونىيە خەلقئارا فوندىنىڭ تەستىقى ۋە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ھەر يىلى چەتئەللەردىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەرنى مۇددەتلىك چاقىرتىپ، بۇ يەردىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چوڭ تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى كەسىپ تۈرلىرى بويىچە چەتئەللەردىن مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ،ھەر يىلى بۇ يەردە 7 - 10 قېتىمغىچە ئىلمىي لېكسىيلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ھازىر بۇ تەتقىقات ئورنىدا تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچىلاردىن 105 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونىيىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك پروفېسسورلىرى مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورلارمۇ بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى» نىڭ شەرقشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى خەلقئارا شەرقشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلماقتا. بۇ

يەردىكى تەتقىقات ئىشخانىلىرى پۈتۈنلەي ئىنتېرنېتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خەلقئارادىكى شەرقشۇناسلىقتا ئائىت ھەرقانداق يېڭى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقتىدا، تولۇق خەۋەردار بولالايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دەرھال تورغا چىقىرىپ، خەلقئارادىكى شەرقشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسلىرىنى ئاڭلايدۇ.

مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقات ئورگانلىرىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسى گەۋدىسى كۇتۇپخانا بۆلۈمىدۇر. بۇ يەردىكى ئۈچ چوڭ بىنا ئاساسەن دىگۈدەك كىتاب ئامبىرىدۇر. ھازىرغىچە بۇ يەردە 90 تۈمەن نۇسخىدىن ئارتۇق ھەرخىل تىل-يېزىقتىكى كىتابلار ۋە قولىيازمىلار ساقلانماقتا. كۇتۇپخانا بۆلۈمىنىڭ قارمىقىدا بىر چوڭ قىرائەتخانا، كۇتۇپخانا، كاتولوگخانا ۋە كىتاب-ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ تۈپلەش بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار بار. بۇ يەردە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش پۇرسىتى ناھايىتى كەڭ، شارائىتى ياخشى بولغاچقا، توكيودىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمىلىرىغا قىزىققۇچىلار، ھەممىدە دېسسېرتاتسىيە ياقلىغۇچىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ تەتقىقات ئورنىدا كىتاب-ماتېرىياللار بىرقەدەر تولۇق بولۇشتىن تاشقىرى، قەدىمكى قولىيازمىلار ۋە مەتىنلەرمۇ خېلى تولۇق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ ئاددىيسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرى رايونىمىز ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا ئېكسپېدىتسىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان فرانسىيلىك پېللوتتىن تارتىپ، ياپونىيىلىك ئوتانىغىچە بولغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قولغا چۈشۈرگەن قولىيازمىلىرىنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخا (خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ كۆپ) لىرى بۇ ئامباردا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا تىبەتچە قەدىمكى قولىيازمىلار بۇ ئامباردا ياپونىيە بويىچە ھەممىدىن تولۇق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا شەرقشۇناسلىق ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىمۇ دائىم بۇ يەرگە كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان مەزكۇر تەتقىقات ئورنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىمۇ كىشىنى خوشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

«شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم يامادا نوبوئو ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسور مورىياسۇ تاكائو ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئائىت تەتقىقاتلىرىنى، ئۇيغۇر تارىخى، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسر شىمازاكى ئاكىرانىڭ قوچو ئېلى تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتلىرىنى، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇمېمۇرا خىروشى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەتقىقات ئورنى خۇددى باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئوخشاشلا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرشۇناسلىققىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يۇقىرىقى ئالىملاردىن باشقا

يەنە شۇگايتو ماساخىرو، مورى ماسائو، خانېدا تۇئورۇ، تاماكى شىگېترۇ قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان ئالىملارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، خېلى كۆپ تەتقىقاتلارنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ، ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئوتانى كوزىي ئەپەندى ئەينى يىللاردا رايونىمىزدىن ۋە دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقاتلارنى ئىشلىدى ۋە ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى شۇ قەدەر ئىلمىي ۋە ئىنچىكىدۇر. مەسىلەن، مەن بىر كىچىككىنە مىسالنى ئېلىش بىلەن چەكلىنىمەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسر شۇگايتو ماساخىرو، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئەنەتكەك (سانسكرىت) چىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، ئەنەتكەكچە سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندە شەكىللىنىدىغان ئورنىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگىچە، ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەنەتكەكچىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كىرىش يوللىرىغىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىلمىي مەۋقەلىرى بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، 90 يىلغا يېقىن تەتقىقات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى دۇنيا شەرقشۇناسلىق ساھەسىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. بۇ يەردىكى تەتقىقاتچى ئالىملارمۇ ھەرقايسى ئەللەردىكى شەرقشۇناسلار بىلەن ئورتاق تەتقىقات تېمىلىرى ھەققىدە بىرلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي تۇغرىسىدا تېخى ئايدىڭلاشمىغان مەسىلىلەر چوڭقۇرلىقىغا شۇڭغۇماقتا. مەزكۇر تەتقىقات ئورنى دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارغا ھەرقايسى جەھەتتىن قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرمەكتە.

**(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىللوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دۇتسېنتى )**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# كۇچاغا كەلگەن سەيياھلار ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر

ئەبەي ئىمىن ئېركىن

كۇچا بوستانلىقى تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ تۇپرىقى مۇنبەت، تەبىئىي قېزىلمىلىرى مول، يايلاقلىرى بىپايان بىر گۆھەر زېمىن ئىدى. كۇچادا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز زامان-زامانلاردىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشقان. ئەقىل-پاراسەتلىك كۇسەن خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ئۆزلىرىگە خاس شانلىق «كۇسەن مەدەنىيىتى» ياراتقان. كۇچا يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت بۆشۈكى. شۇنداق بولغاچقا كۇچادىكى قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت خارابىلىرى بىر قەدەر كۆپ. شۇ سەۋەبتىن قەدىمكى دەۋردىن تاكى زامانىمىزغىچە نۇرغۇنلىغان تارىخىي شەخسلەر، سەيياھلار ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر كۇچاغا كېلىپ تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قەلەم ساھىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدىن كۇچانىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەن ۋۇدى تەرىپىدىن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەن، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە كۇسەن بەگلىكىگە كەلگەن-كەلمىگەنلىكى نامەلۇم. ئۇ چاڭئەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى مەلۇمات قىلىپ سۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇماتى غەربىي يۇرتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتى، تەبىئىي شارائىتى، ماددىي مەھسۇلاتلىرى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە «تارىخىي خاتىرىلەر، فەرغانە تەزكىرىسى» نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «خەننامە» نىڭ باش ئاپتورى بەن گۇنىڭ ئىنىسى بەن چاۋ ۋە بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ نەچچە ئون يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بەن چاۋ مىلادىيە 73-يىلى خەن مىڭدى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە غەربىي يۇرتقا كەلگەن. مىلادىيە 91-يىلى خەن سۇلالىسى كۇسەندىكى تاۋقان قورغىنىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بەن چاۋنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىگەن. بەن يۇڭ غەربىي يۇرتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان بولۇپ، كۇسەن، قۇۋۇم، ئۇنسۇ قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغان. بەن يۇڭ ئۆز سەرگۈزەشتىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «كېيىنكى

خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى كۇسەن قاتارلىق غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

بەن چاۋ، بەن يۇڭلاردىن كېيىن بۇ سېھىرلىك زېمىنغا يەنە نۇرغۇن سەيياھلار كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر بولغىنى شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىبكالان فاشيەن (مىلادىيە 337- 422-يىللار) دۇر. ئۇ مىلادىيە 400-يىلى بۇددا نومى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلغان. سەپەر جەريانىدا كۇسەن تەۋەسىدىن ئۆتكەن. مىلادىيە 416-يىلى سەپەر سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» نى يېزىپ چىققان. كېيىنكىلەر بۇ كىتابنى يەنە «راھىبكالان فاشيەننىڭ تەرجىمھالى» دەپمۇ ئاتاشقان. مەزكۇر كىتاب كۇسەننىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخ - جۇغراپىيىسى، بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭ (مىلادىيە 600- 664-يىللار) ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىدە كۇسەنگە كەلگەندە قىزغىن قارشى ئېلىنغان. كۇسەندە 60 نەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان. شۈەنزاڭ نوم ئەكىلىش سەپىرىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاساسىدا يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە كۇسەن ئېلىدە «100 چە ساڭرام، بەش مىڭچە راھىب ۋە نەچچە مىڭ تالىپ بار ئىكەن ....شەھەر سېپىللىرى ھەيۋەتلىك، شەھەر كوچىلىرى رەتلىك ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئەۋلىيا چيۇچۇجى، قىتان سىياسىئون ياللۇغ چۇساي قاتارلىقلار غەربىي يۇرتقا كەلگەن. ئۇلار كۇچاغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما چيۇ چۇجىنىڭ شاگىرتى لى جىچاڭ يازغان «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، ياللۇغ چۇساي يازغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» قاتارلىق ساياھەتنامىلەردە كۇچاغا دائىر مەلۇماتلار بار.

966-يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چيەندى تۆتىنچى يىلى ) راھىب شىڭ چىن قاتارلىق 157 كىشى نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن غەربكە كىتنۇېتىپ كۇسەندىن ئۆتكەن. ئۇ يازغان «مەغرىپ يوللىرى» دا كۇچاغا ئائىت مەلۇماتلار بار.

14 - 15 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى نەتىجىسىدە غەربىي يۇرت جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى كۈنسايىن ئازايدى. شۇنداقتىمۇ بەزى سەيياھلار ۋە يولۇچىلار يەنىلا يىپەك يولىنى بويلاپ سەپەر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

17-ئەسىردە رۇس كاتوگرافى ئىزۋىتوف كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، باي، سايرام، كورلا، قاراشەھەر، بۈگۈرلەرگە كېلىپ جۇغراپىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلىغان ھەم مۇشۇ جايلارنىڭ پاراللېل، مېرىدىئانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتىپ، خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇغراپىيون شۈي سۇڭ (1781-1849-يىللار) سەككىز يىللىق سۈرگۈنلۈك ھاياتىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، بىۋاستە تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «غەربىي يۇرتنىڭ

دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» نى يازغان. ئۇ كۇچاغا كېلىپ تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان بولۇپ، كۆسەن مىڭئۆيلىرى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە كۇچانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بار.

جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر مىللىي قەھرىمان، ئەپيۇن چەكلەش پېشۋاسى لىن زېشۇ (1785 ـ 1850 ـ يىللار) 1842 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ 1845 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كۇچاغا كېلىپ، كۇچانىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بوز يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، يەرلەرنى ئۆلچەپ، سۇغىرىش پىلانى ۋە يەر تەقسىملەش لايىھىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلى جياڭجۈنگە مەلۇمات يوللىغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ نۇرغۇن چەتئەللىك تەۋەككۈلچى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىنغا قەدەم باستى. ئۇلار تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق، زوئولوگىيە، جۇغراپىيە، ھاۋارايى، ھەربىي ئىشلار، ئېتنوگرافىيە، قاتناش، ئىقتىساد، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مول ماتېرىياللارنى توپلىدى ۋە ئېلان قىلدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرى ھەرخىل ئىدى. بەزىلەر ئۆز ئەللىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەربىي ئاخپارات توپلاش مەقسىتىدە كەلگەن بولسا، بەزىلەر ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن كەلگەنىدى.

1858 ـ يىلى چوقان ۋەلىخانوف چارروسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىپ 1859 ـ يىلىغىچە نۇرغۇن مول ئاخباراتلارنى توپلىدى ھەم نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قىممەتلىك قوليازمىلارنى ئوغرىلاپ كەتتى. جۈملىدىن كۇچاغىمۇ كېلىپ تەكشۈرۈ ئېلىپ بېرىپ، كۇچانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەھۋاللىرىغا ئائىت مەلۇماتلارنى توپلىغان. بۇ مەلۇماتلار ئۇنىڭ «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى (1858 ـ 1859)» غا كىرگۈزۈلگەن.

1876 ـ يىلى چارروسىيىلىك ئوفىتسىر ئا.ن. كروپاتكىن روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. 1876 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۇچاغا كەلگەن. ئۇ يازغان «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسەر ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. كىتابتا ئەينى دەۋردىكى كۇچانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا دائىر بىرىنچى قول مەلۇماتلار بار.

1890 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئوفىتسىرى ھامىلتون بوۋېر ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شوتلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئاندرېۋادالگلىشنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەپ كۇچاغا كەلگەن ۋە تاسادىپىي پۇرسەتتە سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان، قەدىمكى كۆسەن يېزىقىدىكى 51 بەتلىك قوليازمىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ قوليازمىنىڭ مەزمۇنى دورىگەرلىك ۋە پېرىخونلۇققا ئائىت بولۇپ، ھازىر «بوۋېر قوليازمىسى» نامىدا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى

بودلېيان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

1891 - يىلى ئەنگلىيىلىك ۋېبېر كۇچاغا كېلىپ مەلۇم مىڭئۆي خارابىسىدىن «ۋېبېر كىتابى» دەپ نام بېرىلگەن 76 ۋاراق قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرگەن.

رۇسىيىلىك پېتروۋېسكىي رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان 1880 - 1903 - يىللار ئارىلىقىدا شىنجاڭدىن 582 پارچە قىممەتلىك ھۆججەتنى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 100 نەچچە پارچە ھۆججەتنى 1892 - 1893 - يىللىرى كۇچاغا كېلىپ قولغا چۈشۈرگەن.

1906 - يىلى ئاكا - ئۇكا بېرېزوۋسكىيلار رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن كۇچاغا كېلىپ قۇمتۇرا، قىزىل، سىمسىم، قىزىلقاغا مىڭئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ 24 پارچە سانسكرىتچە ھۆججەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 31 پارچە ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرگەن.

1903 - يىلى ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئوتانى كوئۇل كۇچاغا كېلىپ، سۇ بېشى بۇددا خارابىسىدىن سازاندىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن شارىرا (جەسەت كۈلى قۇتىسى) نۇرغۇنلىغان قولىيازما ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ياپونىيىگە ئېلىپ كەتكەن.

1898 - يىلى رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى كوزلوۋ كۇچاغا كېلىپ سۇ بېشى بۇددا خارابىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈرگەن. سۇ بېشى بۇددا خارابىسىدىن تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن، ئېغىرلىقى 2000 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان قاشتېشىنى بايقاپ، ئۇنى پارچىلاپ رۇسىيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، كۇچا خەلقى قوزغىلىپ قاشتېشىنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە يول قويمىغان.

1905 - يىلى 12 - ئايدا، گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ ئالبېرت گرۈنۋېدىل (1856—1935 - يىللار) كۇچاغا كېلىپ، قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇ قىزىل مىڭئۆيىنى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر قىسىم تام رەسىملىرىنى تەقلىد قىلىپ سىزىپ، بىر قىسىم تام رەسىملىرىنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇ گېرمانىيىگە قايتقاندىن كېيىن 1920 - يىلى «قەدىمكى كۇچا» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلغان.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ئالبېرت ۋون لېكوك 1906 - يىلى كۇچاغا كېلىپ، قۇمتۇرا مىڭئۆيىنى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، كۆسەن يېزىقىدىكى نۇرغۇن ۋەسىقە، رەسىم، قولىيازمىلار، ھەيكەللەرنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ تۆگىلەرگە ئارتىپ رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن.

فرانسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس، تىلشۇناس ۋە خەنزۇشۇناس ئالىم پائۇل پېللىئوت (paulpeliot) (1878 - 1945 - يىللار) 1907 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۇچاغا كەلگەن. ئۇ كۇچادىكى دۇلدۇل ئوقۇر خارابىسى، شالدىراڭ، سۇ بېشى بۇددا خارابىسىدا 1907 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە كەڭ - كۆلەملىك قېزىش ئېلىپ بارغان، ئۇ بۇ خارابىلىقلاردىن يۈگەلمە تۇم قەغەزگە يېزىلغان، مۇكەممەل ساقلانغان، ھەجىمى چوڭ براھمى يېزىقىدا يېزىلغان بىر تارىخىي ئەسەر، 130 دانە تارشا پۈتۈك، 30 دانە شارىرا (جەسەت كۈل قۇتىسى)، «ساقاللىق براھمان»، «ساخاۋەتچىلەر»، «بۇددانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» دېگەن مەزمۇندىكى تام رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. پېللىئوت بىلەن بىللە بارغان سۈرەتچى نائوتتى (nauette) 100 نەچچە پارچە سۈرەت تارتقان. بۇ سۈرەتلەر سۇ بېشى بۇددا خارابىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى كارل گۇستاف مانىنېرھىم 1906-1908-يىللار جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالدىكى سەككىز ئۆلكىسىنى ئايلىنىپ، يەر شەكلىنى ئۆلچەش، خەرىتە سىزىپ، 1908-يىلى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ شىمالدىكى رايونلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بېيجىڭغا بارغان سەپەر ھەققىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى يازغان. بۇ دوكلاتتا ئەينى ۋاقىتتىكى كۇچانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ بولۇشى شۈبھىسىز. 1911-يىلى ياپونىيىلىك ياش ئېكسپېدىتسىيىچى تاچىبانا زۇئىچو 3-قېتىملىق غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش سەپىرىدە كۇچاغا كەلگەن، «تاچىبانا زۇئىچو غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان. رۇسىيىلىك ھىندىشۇناس، بۇددىزم تەتقىقاتچىسى، سېرگېي فېدروسكىي ئولدېنبۇرگ (1863-1934-يىللار) 1909-1910-يىللار ۋە 1914-1915-يىللار شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كەلگەن. ئۇ دۇنخۇاڭ، كۇچا، تۇرپان، نىيە قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى پۈتۈكلەر، تام رەسىملىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ رۇسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ يادىكارلىقلار ھازىر رۇسىيىنىڭ ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

1913-يىلى 3-ئايدا ياپونىيىلىك راھىب جىچۈەن شياۋ يىلاڭ كۇچاغا كېلىپ، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، سۇ بېشى بۇددا خارابىسىنى ئىككى ئاي تەكشۈرگەن.

1913-يىلى ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى يىسۇن زۇڭسەنلاڭ كۇچاغا كېلىپ، قىزىل مىڭئۆي، سۇ بېشى بۇددا خارابىسى قاتارلىق خارابىلىكلەردە قېدىرىش ئېلىپ بارغان.

ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستېيىن (1862-1943-يىللار) 1913-1915-يىللاردىكى 3-قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىدە تۇرپاندىن قەشقەرگە بېرىش سەپىرىدە كۇچاغا كەلگەن. ئۇ نىيە، كروران، قوچو، لوپنۇر رايونلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن. كۇچادا تىلغا ئالغۇدەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان.

ئاتاقلىق جەدىتچى، سەيياھ نوشىرۋان يائۇشېۋ 1914-يىل 4-ئايدىن 1917-يىل 4-ئايغىچە ئىلى ۋادىسى ۋە ئالتە شەھەردە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ 1915-يىلى 3-ئايدا كۇچاغا كەلگەن. ئۇ «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» تە كۇچادىكى تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ «چىنىي تۈركىستان تۈركلىرىگە رەھمەت ئېيتماسام بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە تولىمۇ زوقمەنىكەن، دورامچى ئەمەسكەن، تۈرك تىلى ۋە تۈرك ئادىتى بۇ جايدا ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىپتۇ» دېگەن. ئۇ كۇچادا يېڭىچە مائارىپنى تەشۋىق قىلىپ، 40-50 چە بالىنى يىغىپ ھەقسىز ئوقۇتقان. بىراق ئۇ كۇچادا ئۇزاق تۇرمىغاچقا ئۇنىڭ مائارىپ تەشۋىقاتى كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن. نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ئەينى چاغدىكى ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ

تۇرمۇشىدىن توپلىغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىكتۇر.

1916 ـ يىلى شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ باج ئەمەلدارى شى لىن شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن ناھىيە شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ (كۇچاغىمۇ كەلگەن)، «شىنجاڭغا ساياھەت» دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ كىتابتا ئەينى ۋاقىتتىكى كۇچانىڭ نوپۇسى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، يەر كۆلىمى كارۋان يوللىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

1920 ـ يىللاردىن باشلاپ شۇ ۋاقىتتىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە قىلىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۇرلۇك يوللار بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، چەت ئەللىكلەرگە سېتىش ئەھۋالى توگىمىگەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

ئېلىمىز ئارخېئولوگى، ئالىم خۇاڭ ۋېنبى 1928 ـ يىلى ۋە 1957 ـ يىلى كۇچاغا ئىككى قېتىم كېلىپ كۇسەن قەدىمىي شەھىرى، قارا دۆڭ خارابىسى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر، سەيياھلار ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر يازغان تارىخىي ئەسەرلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە قولغا كەلگەن تۇرلۇك تارىخىي ماتېرىياللار كۇچا دىيارىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① «كۇچا تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

② ليۇ چاڭمىڭ جۇشۇەن : « شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» (خەنزۇچە) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

③ جۇ چىڭباۋ: «غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

④ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.



(ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئالىقاغۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن )

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

تۇرنىسا روزى

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ھەم ئۆزىگە خاس تىل - يېزىقى بولىدۇ. بەزى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق تارىخى ئۇزۇن، بەدىئىي مىراسلىرى مول بولسا، بەزى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ تارىخى نىسبەتەن قىسقىراق ۋە بەدىئىي مىراسلىرى ئازراق بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق تارىخى بىلەن ئۇنىڭ بەدىئىي مىراسلىرىنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل - يېزىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ھادىسىلىرى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى، يەنى بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىق تارىخىدىكى ئېسىل ئەدەبىي مىراسلار ۋە نادىر ئەسەرلەر شۇ مىللەتنىك مەنىۋى بايلىقى، بۇ بايلىق خورىماس بولۇپ، مەڭگۈلۈك تەسىرچانلىق، پايدىلىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە. مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر چوڭ بۆلىكى بولغان بۇ بايلىق بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەنىۋى ساپا جەھەتتىكى يۈكسىلىش ۋەزىيىتىنى يورۇتۇپ ۋە تولۇق، مۇكەممەل ئىپادىلەپ، شۇ مىللەتكە تەۋە ئادەملەرنىڭ پىسخىكىلىق تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ يېڭى تىل - يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ، تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا تىل - يېزىق مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىچىدە تەرەققىيات ئىستىقبالى زور ھەم پارلاق بىر ساھە ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تىل - يېزىق مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيلىك تارىخىي ۋارىسچانلىق مۇناسىۋىتى تۈرتكىسىدە ئىسلاھ قىلىنىدۇ، يېڭىلىنىدۇ ۋە يېڭى مىراسلارنى يارىتىدۇ. شۇ تۈپەيلى، يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بىلەن مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئېھتىياجى تىل - يېزىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر روھىي ئاساستۇر.

ئىنسانلار 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىليون يىللىق تارىخنى

باشـتىن كەچـۈرگەنلىكى كـۆز ئالـدىمىزغا كېلىـدۇ، بۇنىـڭ ئىچىـدە يازمـا خـاتىرە قالـدۇرۇلغان مەدەنىيەت تـارىخىلا ئالتە مىڭ يىلغـا بارىـدۇ. بۇ ئۇزاق تـارىخ مۇساپىسىدە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە خانىدانلىق، سۇلالىلەر قـانلىق تـالاش ـ تارتىشلار ئىچىـدە مەيدانغا كەلـدى. نـى ـ نـى ئىمپېرىيىلەر كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە يېڭى سۇلالە ۋە ئىمپېرىيىلەر بـاش كۆتـۈردى. ھەرخىـل مەدەنىـيەتلەر كىشلەرنىڭ جاپـالىق ئەمگىكـى جەريانىـدا بارلىققا كېلىپ، پارلاق نۇر چاچتى. ئەمما ئىنـسانلار ئـۆزى ياراتقـان مەدەنىيەتنـى مۇئەييەن مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە ئۆزى ۋەيران قىلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە يېڭى مەدەنىـيەتلەر ئۈزلۈكـسىز بارلىققـا كېلىـپ تۇردى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى سانسىزلىغان سۇلالە ۋە ئىمپېرىيىلەرمۇ سانسىزلىغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنـى يـاراتتى. ئەممـا نۇرغـۇن مەدەنـيەتلەر شـۇ سـۇلالە يـاكى ئىمپېرىيىلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. قېپقالغىنى پەقەت ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەتلەر ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەر بولـدى. ئىنسانلار ئايغا چىقىپ، ئالەمنى كېزىـپ يـۈرگەن بۈگـۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئاشۇ شانلىق دەۋرلەرنىڭ سەمەرىسى بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلدى.

مەدەنىيەتنىڭ مىللىي شەكلى ياكى مىللىيلىقى مەسىلىسىدە، ھەممىدىن ئاۋۋال مىللىي تىل نەزەردە تۇتۇلىدۇ، پىسخىك خۇسۇسىيەت ياكى مىللىي خاراكتېر، مىللىي ئەنئەنە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن بىرلىكتە مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى شۇ مىللەت كىشىلىرىگە ئورتاق بولغان مىللىي تىل بولغاچقا، مەدەنىيەتنىڭ مىللىي شەكلىنى ئىپادىلىمەكچى مۇھىم ئامىلمۇ تىلدۇر، مىللىي تىل ئەركىن ـ ئازادە ياشاش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن شارائىتتا، مەدەنىيەتنىڭ مىللىي شەكلىمۇ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، ئەركىن گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئەكسىچە، مىللىي تىلنىڭ ھاياتى كاپالەتسىز قالدىغان ياكى دەخلى ـ تەرزگە ئۇچرايدىغان بولسا، مەدەنىيەتنىڭ مىللىي شەكلىمۇ كاپالەتسىز قېلىپ، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشتىكى ئادەتتىكى قانۇنىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپىغا ئىگە بولغان ئىككى خىل جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق ئالاقىلەر ئىككىسىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل تارىخ جەريانىدا، مەدەنىيەتتىكى مۇھىم ئامىلنىڭ تارقىلىشى ياكى ئۆزئارا ئۈلگە بولۇشى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەر زامان ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار ئورۇق ـ قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىغاندىلا ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل يېزىق قوللانغان.

بەزى ئالىملارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، تۇرپاندىلا «قەدىمكى تۈرك يېزىقى، سوغد يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، يۇنان يېزىقى» قاتارلىق 16 خىل يېزىق قوللىنىلغان.

ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار دەۋرىدىلا ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە بەلگىلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەتبەئەچىلىكى جۇڭگو مەتبەئەچىلىكىنىڭ غەربىي قىسىم بوشلۇقىنى تولدۇرۇشتا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شۇنداقلا قوچودا ئون نەچچە خىل تىل-يېزىقتا كىتابلار بېسىلىپ چىققان. شۇ چاغلاردا تۇرپان دۇنيا باسمىچىلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى ھەققەتەنمۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا ئۇچرىشىپ، مەدەنىيەتنىڭ زور گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

تىل- ئېتنىك تەۋەلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. چۈنكى، تىل تارىخىي ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا گېنېتىك (كېلىپ چىقىشى) باغلىنىشلارنى تەتقىق قىلىشتا ھەممە تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ خاس تىلى بار مىللەت. بۇ تىلنى يېزىق خاتىرىلەنگە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744-840-يىللى) دەۋرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ بىر پۈتۈن مىللىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىگە 1300 يىل بولدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» باسقۇچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «مىللىي تىلى» بولۇش رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغاندىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «ئۈلگىلىك ئەدەبىي تىلى» بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئىشلىتىلىپ، پۇختا ئەدەبىي قېلىپقا چۈشۈرۈلگەن بۇ تىل ئومۇمىي تۈركىي تىللار ئۈچۈن خېلى مۇكەممەل تىل بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قىپچاق دالاسىنىڭ بىر قىسمىدا 18-ئەسىرگە قەدەر قوللىنىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار، بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەريان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھاياتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلارغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ تىل تەرەققىياتى، يېزىق تارىخى، ئەدەبىياتىدىمۇ باشتىن-ئاخىر چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. شۇڭا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم تارىخىي جەريانلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا (جۇملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى) كۆك تۈرك خانلىقى (552-744-يىللار) نىڭ تەركىبىگە كىرگەن ۋە ئۆز زامانىسىدىكى كۆك تۈرك مەدەنىيىتى (ئورقۇن-يېنسەي مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

مىلادىيە 740-يىلدىن كېيىن قۇرۇلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744-840) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەرنى نىسبەتەن كەڭ تۇردە بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ فېئودال خاندانلىقنى تىكلەش ۋە خېلى يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى ۋە يازما ئەدەبىياتى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ دەۋردە روناق تېپىشقا باشلىغان.

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ئىككى چوڭ فېئودال خاندانلىق، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (840-1368) بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى (840-1212) ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ئىقتىسادى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى تىل-ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ، خاندانلىق دائىرىسىدىكى قوچو (تۇرپان)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمىسار ناھىيىسىدە)، كۈسەن (كوچا) قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئوچاقلىرىغا ئايلانغان.

كاشغەر (قەشقەر) ۋە بالاساغۇنى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولغانلىقتىن، بۇ دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جايلاردا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنىي مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەن.

12-ئەسىردە يۈز بەرگەن قاراقىتانلار 西辽 نىڭ غەربىي رايون ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى، بولۇپمۇ 13-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلانغان چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھەممىدىن ئاۋۋال، موڭغۇل يايلىقىدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى نامى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ كەڭ رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇردى. كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇنداق بىرلىشىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بۇ رايونلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن خۇلاسىلاندى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاجايىپ گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ خاندانلىق تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر) ئارىسىدا بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىق دىنلار مەۋجۇت بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتىمۇ رەڭگارەڭ تۈس ئېلىپ، كەڭ بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يېزىقى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلغانلىقتىن، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى

دائىرىسىدە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەر، تەزكىرىلەر، خاتىرىلەر (بۇلار ئاساسەن يوقالغان)، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىققا ئائىت ئەسەرلەر، لۇغەت ۋە سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر، تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت ھۆججەت، ۋەسىقىلەر، شېئىرلار، دراملار «مايترى-سىمىت»، «ئوغۇزنامە» گە ئوخشاش مەشھۇر داستانلارنىڭ يازما نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ دەرۋدە يەنە ئۇيغۇر بۇددا ئالىملىرى، ئەدىب، تەرجىمانلىرى تەرىپىدىن سانسكرىت (قەدىمكى ئەنەتكەك - ھىندى تىلى)، توخار (توخرى)، خەنزۇ، تىبەت (تۈبۈت) تىللىرىدىكى بىر مۇنچە بۇددا نوملىرى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى مەزمۇنىدىكى داڭلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقىلىش بىلەن بىللە، ئۇ ئەسەرلەرمۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شۇنداقلا ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلانغان ئىدى. بۇ تارىخىي جەريانلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلدى. لېكىن موڭغۇللاردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ بولالمىغان ئىدى.مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا بىر قىسىم موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلىششى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەگرىتاغنىڭ شىمالىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر ئاندىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا ئۆزلەشتى ۋە ئومۇملاشتى ھەمدە ئۇيغۇر سۆزلۈكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر لېكسىكىسىنى بېيىتتى.

بۇ دەۋردە ئىلىم-پەن ساھەسىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم تارماقلىرىدىن كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىبلەر-سەنئەتكارلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، دۆلەت ئەربابلىرى، مەشھۇر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا بولۇپلا قالماستىن، قەدىمكى تىللاردىن سوغدى تىلى، سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلى، تۇخار تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە شۇ دەۋردىكى چوڭ دىنلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت بايلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە شۇ دەۋردىكى باشقا مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن كېيىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتقان قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدىكى بىر مۇنچە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا، مانى، نېستورىيان، شامان دىنلىرىغا ئائىت داڭلىق ئەسەرلەر (بۇلارنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان.) بۇنىڭدىن باشقا دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تېبابەتچىلىك، تارىخ ۋە مۇزىكىغا ئائىت ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ

قىممەتلىك يادىكارلىقلار بىزگە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي سىستېمىلاشقان يېزىقتىن پايدىلىنىپ قالدۇرغان يادىكارلىقلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر بولۇپ، قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى؛ ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق بىرقانچە خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ كەلدى. قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدىكى تارىخ، تىل-ئەدەبىياتىنىڭ يېگانە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىق خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپلا يېزىققا تەتبىقلانغان. تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى»، «مايترى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «خەمسە نەۋائىي»، «خەزائىنۇلمەئانى»، «مۇھەببەت داستانلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر دۇنياغا كەلگەن.

تىلدا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن بىر قىسىم مەدەنىيەت قاتلاملىرى بولىدۇ. بۇلار ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە بىر-بىرلەپ توپلانغان قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىدۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىل بىر مۇزېيغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىن قېلىپقالغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تىزىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى تىللاردىن مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھەرخىل مەدەنىيەت جەۋھىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراسىتى «قۇتادغۇبىلىك» قىلىپ شەكىللەندۈردى. قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى، بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ماتېرىيال قىلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئۆلمەس مەشھۇر ئەسەرلەرنى ۋە «ئون ئىككى مۇقام» غا ئوخشاش كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس تاگىينبى «مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسىدە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئۇرۇشنى قوبۇل قىلىشنىڭ بىر-بىرىگە بولغان تەسىرى باشقا ئامىللاردىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىر ئامىلدۇر» دەپ كەسكىن ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە بولسا

مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىلىنىشىدىمۇ ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە ئۇرۇشنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنىڭ ئامىللىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە يايلاق مەدەنىيىتىنى يىغىش ئارقىلىق قەددىنى رۇسلىدى، شىمالغا كۆچكەندىن كېيىن شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنى يىغىنچاقلاپ بىر گەۋدە قىلىپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىشتىن گۈللىنىش باسقۇچىغا ئۆتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ۋە يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىق تەرەپلىرى بىزنىڭ بۇرۇن بىر گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرگە ئىگە بولغىنىمىزدا ئەمەس، شۇنداقلا «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تەك ئۇلۇغ ئەسەرگە ئىگە بولغىنىمىزدىمۇ ئەمەس، بەلكى تارىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادچىسى ۋە «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يازغۇچىلىرىدا بولغان كەڭ قورساقلىق ۋە شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىي ئىڭى ۋە پائال ئالغا ئىنتىلىش روھىنىڭ بولغانلىقىدا. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، ۋاقتى مەڭگۈ ئۆتۈپ كەتمەيدىغان يېرى پەقەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە ساقلىنىۋاتقان بۈيۈك جاسارەت ۋە ئىجادچانلىق روھىدۇر.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت. خەزىنىسىدە سەرخىل مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى سېلىشتۇرۇلغان ئەڭ قەدىمكى لۇغەت، يازما ئەدەبىياتقا خاس داستان، شەرق مۇزىكا گۆھىرى «12 ئۇيغۇر مۇقامى» ۋە داۋازلىق قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتىنىڭ موللۇقىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردا قىممەتلىك روھى جاۋاھىرلار، بىباھا تەجرىبىلەر ۋە كەشپىياتلار مۇجەسسەم قىلىنغان.

بۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، ئالدى بىلەن تەپەككۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق راۋاجى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. ئۇ ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىسى بىلەن غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسىنى ئۇيۇشتۇرغان. خەلقلەر مەدەنىيىتى، قوچو ئىدىقۇتى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئۆزگىچە بولغان مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. ئەڭ قەدىمكى گۈزەل ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، قەھرىمانلىق داستانلىرى، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئەدەبىياتى، شامانىزم ۋە ئاتەشپەرەسلىك، بولۇپمۇ بۇددىزم بىلەن مانىزم يازما ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئۇيغۇرلار تەپەككۇرىغا يېڭى ھۆسن قوشتى.

### شىنجاڭدىكى قەدىمكى يېزىقلار

شىنجاڭدىكى يېزىقلار، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن 1949-يىلغىچە بولغان 2000-يىلدىن ئارتۇق تارىخىي دەۋر ئىچىدە شىنجاڭدا تارقىلىپ ئۆتكەن قەدىمكى ئەسەر يېزىقلىرى 22 خىل تارىخىي تىل بىلەن يېزىلغان.

شىنجاڭدا خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى

سىستېمىسىغا كىرىدىغان قەدىمكى خەنزۇ تىلى، قەدىمكى تۇبۇت تىلى؛ ھىندى-ياۋروپا تىللىرى (ھىندى-ئىران تىللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سىستېمىسىغا كىرىدىغان قەدىمكى ئارىيان تىلى، قەدىمكى پەھلىۋى تىلى، قەدىمكى ساك تىلى، قەدىمكى توخرى تىلى، يېقىنقى زامان تاجىك تىلى؛ ھام-سام تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان قەدىمكى ئەرەب تىلى، يەھۇدى تىلى؛ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر چاغاتاي تىلى، غەربىي تاڭغۇت شيا تىلى، قىتان تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى، شىبە تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان قازاق تىلى، يېقىنقى زامان قىرغىز تىلى، يېقىنقى زامان ئۆزبېك تىلى، يېقىنقى زامان تاتار تىلى؛ بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل، مانجۇ، شىبە تىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدىن باشقا ئون خىل تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل 12 خىل يېزىق بىلەن يېزىلغان. بۇ 12 خىل يېزىقنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار سەككىز خىل يېزىقنى قوللانغان.

شىنجاڭدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئۈچ خىل يېزىق بار: خەن سۇلالىسى يېزىقى، كاروشتى يېزىقى، براھمى يېزىقى، بۇنىڭ ئالدىنقىسىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن، كېيىنكى ئىككى خىلىنى تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر قوللانغان، يەنى ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقلىرى.

مىلادىيە 5-6 ئەسىرلەردە سەككىز خىل يېزىق بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى خۇاشىيا سىستېمىسىغا كىرىدىغان خەن سۇلالىسى يېزىقىدىن قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان قوچو يېزىقى (رونىك يېزىقى بولۇشى مۇمكىن)؛ ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان سوغدى يېزىقىدىن قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ براھمى يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان توخرى يېزىقىدىن تۈرك-ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان براھمىچە تۈرك يېزىقى شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن 10-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭغا يەنە بەش خىل يېزىق يېتىپ كەلدى. مۇشۇ 5 ئەسىر ئىچىدە بۇ 13 خىل يېزىق «بەيگىگە چۈشتى». بۇ دەۋر شىنجاڭدا ئاساسەن بۇددىزم تازا تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ «بەيگە» نىڭ نەتىجىسىنى مەھمۇت كاشغەرىنىڭ باياناتلىرىغا ئاساسەن چۈشەنگەندە، بۇ دەۋرلەردە شىنجاڭدا ھىندى-ياۋروپا، ھىندى-ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار بولغان. ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشنى ئاللىقاچان بىلگەن. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىمۇ ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل تىل ۋەزىيىتىمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەھۋالنى مەھمۇت كاشغەرى «بۇزۇلغان تۈركىي تىل» دەپ ئاتىغان. دېمەك، بۇددىزم دەۋرىدە، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ چاغداشلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى مۇۋاپىق ئېلېمېنتلارنى ئاللىقاچان ئۆگىنىپ بولغان. ئۇلارمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن مىللەتداش بولۇپ بولغان.

10-ئەسىردە شىنجاڭغا ئىسلام دىنى

يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئەرەب يېزىقىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان قاراخانىلارنىڭ «خاقانىيە يېزىقى» بارلىققا كەلدى، جۈملىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىلگىرىكى بۇددىزمنى تاشلاپ ئىسلام شارائىتىغا ماسلىشىشقا ۋە ئىلگىرىكى يېزىقلىرىنى بىكار قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن 10 - ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن باشقا ئۇن نەچچە خىل يېزىق ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپە - تەرىپلىرىنى ئاققۇزىدىغان «بازار» بولمىغاچقا، تەدرىجىي هالدا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

14 - ئەسىردە، شىنجاڭدا يېزىق جەھەتتە بىر قېتىم چوڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. يەنى ئىسلام پەلسەپىسى ۋە تەدبىرلىرىنى يازىدىغان خاقانىيە يېزىقى ئاساسىدا ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى قاراخانىلارنىڭ خاقانىيە يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىن باي، تېخىمۇ ئاممىباب، تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولدى، يەرلىك ئەھلى - ئىلىملار بۇ خىل يېزىق بىلەن ھەتتا ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرىدىمۇ ئەسەر يېزىپ، چەت ئەللەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە يۈزلەندى.

بۇ دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنرەك شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن باشقا يېزىقلارنىڭ شىنجاڭدا يەرلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. سىياسىي ئېھتىياج بىلەن داۋاملىشىۋاتقان يېزىقلارمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار پەقەت شىنجاڭغا كېيىن كەلگەن باشقا قوۋملار ئۆز تىلىنى يازىدىغان يېزىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى.

20 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىلگىرىكى ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقىدىن بەش خىل يېزىق ئىسلاھ قىلىنىپ چىقتى. ئۇلار تۈركىي تىللارنىڭ ئوخشىمىغان شۆبىلىرىنى يېزىشقا مۇۋاپىقلاشتى.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يېزىقلار ئاساسەن بەش مەنبەدىن كەلگەن: ئاگنى- كۇسەن يېزىقى، ئۇدۇن، تۇبۇت ۋە باسپا يېزىقلىرى ھىندىستاندىكى براھمان يېزىقىنى مەنبە قىلغان؛ كارۇشتى، سوغد، تۈرك يېزىقلىرى پارسلارنىڭ ئارامىي ئېلىپبەسىدىن كەلگەن (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى، تودۇم، مانجۇ، شىبە يېزىقلىرىمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان)؛ خاقانىيە يېزىقى، ئۇيغۇر چاغاتاي، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرى ئەرەب ئېلىپبەسىنى مەنبە قىلغان؛ قىتان يېزىقى خەنزۇ يېزىقىدىن، رۇس يېزىقى سلاۋيان يېزىقىدىن كەلگەن.

شىنجاڭدىكى تىل- يېزىقلارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يىمىرىلمەس ئىرادە، شىجائەت بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئىلمىي ئۇسۇلمۇ بولۇشى كېرەك. قەدىمكى خەن سۇلالىسى تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھازىرقى خەنزۇ تىلىنى كۆۋرۈك قىلىشقا بولىدۇ. سوغد، مانى، سۇرىيە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھازىرقى موڭغۇل يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. براھمى يېزىقى سىستېمىسىدىكى قەدىمكى يېزىقلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھازىرقى ھىندى يېزىقى ھەرپلىرىدىن ۋە زاڭزۇ يېزىقى ھەرپلىرىدىن

پايدىلىنىشقا بولىدۇ. كارۇشتى، توخرى، ساك يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن سانسكرىت تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى يېزىقلارنى چوقۇم تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چاغداشلىرى (دوستلىرى ياكى رەقىبلىرى) نىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى بار. بۇ تەتقىقات قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ جەۋھىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز، مۇندىن كېيىن يەنە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتەلىشىمىز ئۈچۈن مەنىۋى تۈۋرۈك بولىدۇ.

## ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان. 14-ئەسىرگە كەلگەندە، كۆپلىگەن ئەرەب، پارس سۆزلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر چاغاتاي تىلى قوللىنىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي ۋە سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، بۇرۇن شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر ئېرقى رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار قوللانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئالغان.

تىل - يېزىق مەدەنىيىتى ئىنسانلار تارىخىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىم. بۇ پارلاق مەدەنىيەت قەدىمكى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەت، ئىسلامىيەت دەۋرىدە، باشقا ئىلمىي ئېقىم، دىن، تىل ياكى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرەر ئىلمىي ئېقىم، بىرەر خىل دىن، بىرەر خىل تىل ياكى ئەدەبىيات يوق. بەلكى ھەرخىل كلاسسىك مەدەنىيەتلەر ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئۇزاق مۇددەت سىڭىشىپ، تامامەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلاردا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تىل جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى تېخىمۇ بېيىپ رەڭدارلاشتى. ئەرەب، پارس ئاتالغۇلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي تۇرمۇشىدا كەڭ ئورۇن ئالدى.

«غەرىبىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇرلار تارىخ، يېزىق، دىنىي ئەسەر، دورىگەرلىك، دېھقانچىلىق، ھاۋارايىغا ئوخشاش كىتابلاردىن «بىر نەچچە يۈز خىل كىتاب» نىڭ بولغانلىقى، ئادەتتىكى ئومۇمىي بىلىم كىتابلىرىغا كۆپىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىسى سىڭگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇر تىلى تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئاساسلىق ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. غەللە-

پاراق، باج-سېلىق، ئالۋاڭ-ياساق قاتارلىق مەمۇرىي ئىشلاردىن تارتىپ تا سوراق قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىشقا ئوخشاش ئەدلىيە پائالىيەتلىرىگىچە ئۇيغۇر تىلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىدە قوللىنىلغانلىقى يەنە مەنسەپ ناملىرىدىمۇ ئەكس ئەتتى، مەسلەن، ھاكىمبەگ دېگەن مەنسەپ نامىدىن تارتىپ قاشتېشى قېزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان قاش بېگىگىچە بولغان مەنسەپلەرنىڭ ناملىرى ئۇيغۇرچە ئاتالدى. ئۇيغۇر يېزىقى پۇللاردىمۇ ئىشلىتىلدى. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېڭى پۇللارغا قويۇلغانلىقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىنىڭ تامامەن يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ھاسىل بولغان ئادەتتىكى ھۆكۈمەت مەكتۇپلىرى، تىلخەت، سودا توختاملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھۆكۈمەت تىلى ئورنىغا ئىگە قىلدى.

16-ئەسىردىن كېيىن ئەرەب ۋە پارس ئاتالغۇلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىدا بىر مەھەل يامراپ كەتكەنلىكتىن، 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ساھەسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر روشەن ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلغان، بۇنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇ مەزگىللەردە پۈتۈلگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ مەزگىللەردە يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بويىچە قىزغىن دولقۇن كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئالامەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىنكى ئىدىيە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە تامامەن مۇۋاپىق ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ساھەلىرىدە ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئۆز مىللىي تىلىدىن ۋاز كېچىپ، پارسچە ۋە ئەرەبچە ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ۋە شۇ تىللاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا زورۇقۇش خاھىشلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر ئەسىردىن كېيىن بۇ خاھىش دەۋر ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ھەتتا ئۇيغۇر تىلى ئاشكارا چەكلەندى. 17-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارسچە ياكى ئەرەبچە يېزىقچىلىق قىلىدىغان بولدى.

نۇرغۇنلىغان سىرتقى مەدەنىيەت ئارقا-ئارقىدىن كىرگەندە كۆپلىگەن مەدەنىيەت سىستېمىسىدا، بولۇپمۇ تىلدا دائىم كۈچلۈك چەتكە قېقىش خاھىشى بولىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلار كۆپ ئامىللىق مەدەنىيەتنىڭ ئەسىرىگە كەڭ قۇچاق ئېچىپ خەنزۇ، ھىندى، ئەرەب ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرىنى يۇغۇرۇپ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. «ئالتۇن يارۇق»، «شۆھەن زاڭ تەزكىرىسى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ چەتتىن

كىرگەن مەدەنىيەتنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە بىرلەشتۈرۈپ ساقلاش روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشتە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلغان ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى مەدەنىيەتنى يېڭىلاش ۋە يارىتىشنى مەقسەت قىلغان.

خۇددى گېرمانىيىلىك مەشھۇر تۈركشۇناس گابائىن خانىمنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك «نومنى تەرجىمە قىلغۇچىلار گويا كوللېكتىپ تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك قىلىسمۇ، ئەمما ھەرخىل تىلنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلىرىنى سىلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىدە، لوگىكا ھەمدە ماقالە يېزىش ئۇسلۇبلىرىدىن پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكلىنى چوقۇم ئويلىغان ئىدى». ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان مەدەنىيەت بىرلەشمىسى دائىم ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان بېقىندىلىق ئورۇندىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچىلىك ئورۇندىكى ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى «ئۇيغۇرلار سىستېمىسى چەت ئەل مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە قارىغۇلارچە ئەگەشكەن سىستېما بولماستىن، بەلكى شۇ جايدىكى بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش» سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇيغۇر يېزىقلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۈزۈل-كېسىل بىرلىككە كەلدى. «قوچو مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە ساقلانغىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ تۇرپان قومۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەبچە ھەرپلەر ئاساس قىلىنغان يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئۆزارا ئالاقىدا قوللىنىدىغان بىردىن-بىر يېزىققا ئايلانغان. مەھمۇت كاشغەرىنى مۇقەددىمە قىلىپ باشلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن پارس - ئەرەب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىركىشىش دەۋرى ھەممىدىن بۇرۇن يېزىق ساھەسىدە ئاياغلاشتى. بۇ دەۋر ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن تاماملاندى.

بىزگە مەلۇمكى ، 13-ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئېرىشكەن ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ۋە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە بىر مەھەل تارقالغان ئىدى. بەزى رايونلاردا، ئېبىتايلۇق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر تىلى ھەتتا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن قاتتىق يەكلەپ تاشلىغان. ئىدى.

قارشىلىشىش ۋە ئىركىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى كەڭ تۈردە ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت، ئۇيغۇر تىلى پارس ۋە ئەرەب تىللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە كەڭ تۈردە ئۇچراشقانلىقتىن، ئاخىر

مۇشۇنداق قارشىلىششىش ۋە تىركىششىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

دەل مۇشۇنداق ئۇچرىششىش پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى ئۈچۈن ئۇرۇق چاچتى. ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە سىياسىي يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان ھامان، بۇ ئۇرۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بىخ ئۇرۇپ چىقىپ چېچەكلىدى، ھەتتا بىر ئەسىردىن كېيىن رەسمىي مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئورنى تەخمىنەن چىڭگىزخانىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن تەۋرىنىشكە باشلىدى، ۋاھالەنكى، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ رايونلاردىكى ئىمتىيازلىق ئورنىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پارس ۋە ئەرەب تىللىرى دەۋر ئېقىمى سۈپىتىدە قارشى تەرەپنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئورنىغا دەسسىگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغىمۇ يامراپ كىرىشكە باشلىدى.

14-ئەسىردە ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەلدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى، ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى شەكىللەندۈردى. كىتابلارنى چىرايلىق ئىشلەش، ياغاچ ئويمىچىلىق ۋە نەققاشچىلىق ئىجادىي سەنئەتنىڭ ئاساسىي تۈرى بولۇپ قالدى. يەرلىك ئاپتورلار ھەرخىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى ياراتتى. سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» نى فولكلورغا سىڭىپ كەتتى. ئەلشىر نەۋائىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان شائىرى، دەپ قارالدى.

14- ۋە 15-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىدا بۈيۈك ۋە شانلىق ئەسەرلەرنى يازغان لۇتفى، سەككاكى، نەۋائىي قاتارلىقلار گەرچە ئۆز مىللىي تىلى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارس، ئەرەب تىللىرى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى. لۇتفى پارس شائىرى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ داستانى «زەپەرنامە» نى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان، سەككاكى پارس ۋە ئەرەب تىللىرىغا ئىنتايىن پىششىق ئىدى. نەۋائىيمۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئىنايىن مۇكەممەل ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەدىبلەر نەۋائىينى «ئىككى تىللىق شائىر» دەپ مەدھىيىلىگەن. نەۋائىينىڭ «فانى» دېگەن پارسچە تەخەللۇسىمۇ بولغان. ئۇ مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن بەدىئىيلىكى ۋە ئىدىيىۋىلىكى ئانچە قېلىشمايدىغان پارسچە ۋە ئەرەبچە شېئىرلارنى يازغان.

سۆزسىزكى، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىغانلار دەل مۇشۇ تىللارنى ئوبدان بىلگەن ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى، گەرچە ئۆزلىرىنى مىللىي تىلنى قوغدىغۇچىلار دەپ تەرغىپ قىلغان بولسىمۇ. پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يامراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىگىنىمىزدە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن

پەيدا بولغان سىياسىي ۋەزىيەتتىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كۆپلەپ سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن يوچۇق ئېچىپ بەرگەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا يۆلەنچۈك بولغان بىر قاتار ھاكىمىيەتلەر يەنى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، چاغاتاي خاندانلىقى، بىشبالىق ھاكىمىيىتى ۋە ئىلى بالىق ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزى تارقالغان رايونلاردا سىياسىي كۈچتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىدا چەتئەل تىللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى موڭغۇلچە ئاتالغۇلار بىلەنمۇ ئۆزىنى تولۇقلىدى، بولۇپمۇ باج-سېلىق جەھەتتىكى ئاتالغۇلارنىڭ موڭغۇلچىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە تۈنجى تۈركۈم يېزىقى بار پۇقرالار ئۇيغۇرلار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقى بولسا موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەشتە تەتبىقلاندى ھەم موڭغۇل يېزىقىنىڭ بىۋاستە مەنبەسى بولدى.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» كە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ئۇيغۇر تىلى ئېلىمىزنىڭ پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئىشلىتىلىدىغان قانۇنىي تىللارنىڭ بىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. چيەنلۇڭ خان ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئانچە-مۇنچە بىلىدىكەن، دېگەن گەپمۇ بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلىمىگە ئاساسەن يېڭىسار ۋە قاراشەھەر دېگەن ئىككى جاي ئىسمىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى تۈزىتىپ، ئالدىنقى ئۈچۈن ئاھاڭى يېقىنراق كېلىدىغان «英吉沙尔» دېگەن خەنزۇچە خەتلەرنى، كېيىنكىسى ئۈچۈن ئاھاڭى يېقىنراق بولغان «喀喇沙尔» دېگەن خەنزۇچە خەتلەرنى بېكىتىپ بەرگەن ئىكەن.

تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىش شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىنىڭ پايتەختىدىمۇ قوللانغان. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىغا ۋە ئوردىنىڭ ئەتراپىغا تۇرغۇزۇلغان، ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان «ئاتتىن چۈش» دېگەن ئاگاھ بېرىلگەن پەرمان ئابىدىلەرگە، ھەتتا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى ياز پەسلىنى ئۆتكۈزىدىغان چېڭدې يازلىق ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىكى ۋىۋىسكىغىمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئويۇلغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

«قوچو مەھكىمىسى سۆزلۈكى» قاتارلىق يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمانلار بارلىقى مەلۇم.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي-مەمۇرىي ئورگانلاردا تەرجىمان بولغانلار - شۇ ۋاقىتتا تۇڭچى دەپ ئاتىلاتتى.

ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش ئىشلىرى پەيدىن-پەي بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى غايەت زور بولدى، بۇ جەرياندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا

مەۋجۇت تىل تۇرىنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپنىڭ لاگىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۆزئارا كەڭ ئۇچراشتى ھەم قارشى تەرەپتىن كۆپلەپ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل لېكسىكىلىرىنى بېيىتتى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن شۇ ئەھۋال ئايانكى، 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش دەۋر بۆلگۈچ ھادىسە ئىدى، ئۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللار بىلەن ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى جۇغلاش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش خاراكتېرلىك ئاساسلار سالدى. دەۋر ئېقىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ساھەسىدە يەنىلا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ساھەدىكى ئۆزگىرىشلەر ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش تەرتىپى بويىچە تەرەققىي قىلىپ ماڭدى. تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، تىللارنىڭ لېكسىكا قىسمىغا يېڭى تەركىبلەر قوشۇلدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا ئاشۇ باسقۇچتىكى تارىخ ئېقىمىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەيلى ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش بولسۇن، بۇ تىل كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى يېڭى ئامىللار بىلەن بېيىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئامىللار شۇ مىللەت تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ. بىر مىللەتتە بىرلىككە كەلگەن، سىستېمىلىق ۋە تىپىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ بولۇشى يېڭى - يېڭى ئىجادىيەت - كەشپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشى، باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئېقىمىغا قوشۇلۇپ، خۇددى تارىم ۋە ئىلى دەريالىرىدەك مەڭگۈ توختىماي ئۆركەشلەپ راۋان بولۇشقا مۇھتاج.

خۇلاسە قىلغاندا، تىل ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، تىلدىن باشقا مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىلنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ ۋە تارقىلىدۇ. ئىنسانلار تىلنى ئىجاد قىلغان ھەمدە تىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇنۇملۇك مەۋجۇتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. مانا بۇ تىلنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىل يەنە مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى بىلەن تولغان. تىلدا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەپەككۇرى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى، مەدەنىيەت تارىخى قىممەت قارشى ئىپادىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ تىل مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇپلا قالماستىن، شۇ مىللەتنىڭ تىلنى ئىشلىتىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تىلنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەسۋىرىي تىلشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى بوئاس ئىندىئانلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، تىل ئارقىلىق مەدەنىيەت

ھادىسىلىرىنى ئانالىز قىلىش، باشقا ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەم ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلىگەن. تىل سىستېمىسى ئىچىگە بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مۇجەسسەملەنگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر تىل ئارقىلىق بۇ خىل ھادىسىلەرنى تونۇپ، چۈشىنىپ ۋە ئانالىز قىلىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تولۇق ئۇچرىشالايدۇ. ھەتتا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەدەنىيەت تارىخىدىكى نامەلۇم ھادىسىلەرنىمۇ بايقىيالايدۇ. چۈنكى تارىختا غايىپ بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تىلدا ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇقەررەر. ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تىللار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تىل ھادىسىلىرىنىڭ ئۈنۋېرسال توپلانما سىستېمىسىدىن ئىبارەت. تارىختا يۈز بەرگەن ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تىلدا بەلگىلىك ئىز قالدۇرىدۇ. تىل بىلەن تارىخ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ تىل بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن چەمبەرچەس باغلىنىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قىسمىغا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىر قىسمى ئېھتىياجدىن قېلىپ، ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا يۈز تۇتىدۇ. بىراق شۇ مىللەتنىڭ تىلى بۇ خىل يوقالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن ئەۋلادلارغا ئۇچۇر بېرىدۇ ۋە ئۇنى مەڭگۈلۈك خاتىرىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردا، ھەرقايسى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى دەۋرلەردە بەرپا بولغان ھەرخىل مەدەنىيەتلەردىن ئۆزىگە خاس ئوزۇق ئېلىپ، ئالاھىدە بىر مىللىي شەكىل بىلەن بېيىپ، تەرەققىي قىلغان.

مەلۇم دەۋر ۋە ماكان كاتېگورىيىسىدىكى ھەرقانداق بىر تىل، پەلسەپە، ئەدەبىيات-سەنئەت باشقا بىر زامان ۋە ماكان ئىچىگە ئېلىپ كىرىلگەندە، مۇقەررەركى شۇ زامان ۋە ماكانىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە، شۇ سەۋەبلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇلار كەڭ قورساقلىق پىسخىكىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، ئەرەب-ئىسلام، پارس-ئەجەم مەدەنىيەتلىرىنى ۋە قەدىمكى يۇنان-رىم مەدەنىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان ئارىلاشما مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار چەت ئەلنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قارىشى ۋە قىممەت قارىشى ئاساسىدا ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئادىل غاپپار كارىزى

نەچچە ئەسىرلىك سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئېلىپ كەلگەن يەرشارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە ئاپەتلىرى توپلىنىپ، ئاللىقاچان يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىق چېكىگە يېقىنلىشىپ، پۈتكۈل ئىنسانلار يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان ھەم ئورتاق كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا تېگىشلىك بىر ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالدى. «ماكرو جەھەتتىن قارىغاندا، بۈگۈنكى دۇنيا تۆت چوڭ توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان تۆت چوڭ ئېكولوگىيە كرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ توقۇنۇش ۋە كرىزىسلار: ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئەت ئېكولوگىيە كرىزىسى، ئادەم بىلەن ئۆزلۈكنىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى ئېكولوگىيە كرىزىسى، ئادەم بىلەن مەدەنىيلىك (مەدەنىيەت) نىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان «مەدەنىيەت ئېكولوگىيە كرىزىسى» [1] دىن ئىبارەت. «مەنىۋى ئېكولوگىيە بىلەن مەدەنىيەت ئېكولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەبىئەت ئېكولوگىيە كرىزىسى بىلەن مەدەنىيەت ئېكولوگىيە كرىزىسى بىر قاتار مەنىۋى مەدەنىيەت كرىزىسلىرىنىڭ زەنجىرسىمان ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» [2]. «چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ئۆزلۈكسىز ماسلىشىشنىڭ نەتىجىسى، ئىنسانلار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ھەممىسنى مۇھىتقا ماسلىشىش ھەم ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن» [3]. «ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىتنى قوغداش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە بۆسۈش نۇقتىسى. غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» [4]. چۈنكى غەربىي رايونلاردىكى بولۇپمۇ، رايونىمىزدىكى سۇنىڭ كەمچىللىكى، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى، يايلاق ۋە ئورمانلىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى قاتارلىق مەسىلىلەر، رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە سۈرئىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

«ئېكولوگىيىلىك سىستېما جانلىقلار بىلەن ئۇنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىغىندىسى. بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئىچىدە ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇۋازىنەتلەشكەندىلا، ئاندىن ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. ئەمما تەڭپۇڭلۇق ھەمىشە نىسپىي، ۋاقىتلىق بولۇپ، ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئىكولوگىيىلىك سىستېمىنى

تەشكىل قىلغۇچى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ
ھەرقانداق ئۆزگىرىشى، ئېكولوگىيىلىك
سىستېمىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىنى
شەكىللەندۈرىدۇ»[5]. ئېكولوگىيىلىك
سىستېمىنىڭ بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتى
يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، شۇ خىل ئېكولوگىيە
مۇھىت سىستېمىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان
ئىنسانلار مەدەنىيىتىگىمۇ ناھايىتى ئېغىر
تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي
（生态民俗学） نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
«ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى،
ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسى، تەپەككۇر
قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە ھەممىسى
ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن كۆپ تەرەپتىن
زىچ باغلانغان بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت
بىۋاستە رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا پەن ـ
تېخنىكىنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىلىشىغا
يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە چەكلەپ تۇرىدۇ.
كەلگۈسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىدا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت قارىشى
مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، ئېكولوگىيە
مەسىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىشى
ـ ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قارىشى ۋە
قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ»[6].
دېمەك، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ئۆزى
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ماكانىنىڭ
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ
ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرى ئىچىدە
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى
قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تۈزۈملەر
بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بۇ خىل تۈزۈملەر
كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى،
تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق
مەدەنىيەت ئامىللىرى ئىچىدە كۈچلۈك
مەجبۇرلاش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدىغان
ئىدىيىۋى ـ كۆزقاراش سۈپىتىدە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ـ ئېكولوگىيە
سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان بۇ قاراشلار،
ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي فولكلور
ساھەسىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە سەنئەت
فولكلورىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.
سەنئەت فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى
بولغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات
ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە
داۋاملىشىشى، ئىنسانلارنىڭ بىر خىل
«مەنىۋىي ئېھتىياجى»، بۇ خىل «مەنىۋىي
ئىشلەپچىقىرىش» شۈبھىسىزكى بىر خىل
مەنبە ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ
ئىزناسىنى ئېلىپ يۈرىدۇ»[7]. ماقال ـ
تەمسىللەر ئەنە شۇ مەنىۋىي
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم بىر مەھسۇلى. بۇ
ماقالىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
سەنئەت فولكلورىغا تەۋە بولغان خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى،
ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى
ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئۈستىدە
مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ـ
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم
ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەييەن
ئىدىيىۋى كۆز قاراش ئىپادىلەنگەن،
مەزمۇنغا باي، روشەن ئادەت خاراكتېرىگە
ئىگە، تۇراقلىق جۈملىلەردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر
خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي، تارىخىي
كۆرەش، ماددىي ـ مەنىۋىي تۇرمۇش
تەجرىبىلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەكۈنى،
ئەجدادلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر.
ئۇنىڭدا خەلق جانلىق تىلىدىكى ئۆزىگە
خاس خاراكتېر، ئورتاقلىققا ئىگە
خۇسۇسىيەت، ئىخچام قۇرۇلما، جانلىق
ئوبراز، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان

ئۆزگىچە بىر خىل تىل شەكلى ئارقىلىق كۆپ تەرەپلىك مەزمۇنلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ياشاش (ئېكولوگىيىلىك) مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئائىلە-نىكاھ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، ھېيت-ئايەم، كېيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى، ئۆتكۈر پەلسەپۋى ئىدىيە ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ساۋاقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن»[9].

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختا شەكىللەندۈرگەن ۋە بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش ۋە تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپۋى قاراشلار بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ ئورگانىك بىرلەشمىسى، بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك رايونلار ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى جەريانىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، قانۇنىيەتلىرىگە بولغان بىلىشلىرىنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان يەكۈنى، بۇ يەكۈنگە چوڭقۇر دىنىي ئەقىدە قاراشلىرى ھەم پەلسەپۋى قاراشلار سىڭگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپۋى قاراشلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال، بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئاڭ - ئىدولوگىيە سىستېمىسىدا ئۇزاق مەزگىل داۋاملىشىش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا، بەلگىلىك قىممەت قاراش مايىللىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە قوزغالماس ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساس بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن.

مەدەنىيەت جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلىك، يەنى يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلەشمە جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى قويۇق يايلاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە»[9]. «ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت كاتېگورىيىسىدە، بوستانلىق تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان

قىممەت قاراش مايىللىقىغا ئىگە. بوستانلىق تېرىم مەدەنىيىتى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بىلەن جەمئىيەت مەنپەئىتىنىڭ بىرلەشمىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئەسلىدە بار بولغان ئېكولوگىيىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانىدا، يېڭى ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. تارىختىن بۇيان بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىدا قۇمنى توسۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئورمان بەرپا قىلىش، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس»[8].

ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچلۈك مەدەنىيەت تىپى، يايلاقچىلىق مەدەنىيەت تىپى، بوستانلىق - تېرىم مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەتتۇر. ھەربىر خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئېكولگىيىلىك مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ھەربىر خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنى باشتىن كەچۈرگەندە، شۇ خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ماركسمۇ بۇ توغرىسىدا «ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى بەلگىلەيدۇ»[9] دېگەنىدى. دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ۋە ئادەتلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بۇيان، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزم ۋە توتېمىزم قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارغا ۋە شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر قەدەر سىستېملاشقان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار ھەر بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە، شۇ دىننىڭ ئەقىدە-قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇ دىننىڭ ھەر خىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بىللە داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىدە، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. ئېكولوگىيىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا ئايرىلالمايدىغان مەنىۋىي باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىلگىرى سۈرۈلۈشى، تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز قۇراشتۇرۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ»[10]. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى چوڭقۇر ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى

بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار مەنىۋىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئاساسلىقى تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ۋە تەبىئەتنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكىدەك يەتتە كونكرېت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**I . ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى يەر-زېمىن، تۇپراق قارىشى**

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى يەر-زېمىن، تۇپراق توغرىسىدىكى قاراشلار-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقاد ۋە ساددا پەلسەپۋىي قاراشلار بىلەن تارىختىكى بوستانلىق مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تېرىقچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان يەنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. بۇ قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى يەرنىڭ رولىنى توغرا تونۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەرنى قەدىرلەش ۋە ئاسراشقا دەۋەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەر-تۇپراق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئېلىپ بارغان بىلىش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، ئانىمىزم تەبىئەت قاراشلىرى ئۇلىدا، تەدرىجىي يۇسۇندا پۈتكۈل زېمىن ۋە كائىناتتىكى ھەممە شەيئىيلەرنىڭ تۆپ زاتى توغرىسىدا بىر قەدەر روشەن پەلسەپۋىي بىلىشكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئىنتىلىدى»[6]. «ئانىمىزىملىق، ئەجداد ئېتىقادچىلىق ۋە تۇتېمىزىملىق» قاراشلار راۋاجلىنىپ، «تۆت زات» (تۆت تادۇ) - تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت قارىشىنى روياپقا چىقاردى[7]. تۇپراق - دۇنيانىڭ ئاساسلىق بىر ئامىلى دەپ قارىلىپ، «يەر بىلەن سۇ قوشۇلۇپ، ئاتا تەڭرى كۆكتەڭرىگە تەققاس قىلىنغان ئانا تەڭرى « omay katun» (ئوماي ئىلاھە) ئوبرازىدا كەڭ ئىستېمال قىلىندى»[8]. «ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يەر بىلەن سۇ ئىلاھى نەرسە بولماستىن، بەلكى بايات (تەڭرى) ياراتقان تەبىئەت جىسىملىرى دەپ قارىلىشقا باشلىغان»[9] بولسىمۇ، ئەمما يەر - بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۆپ ئاساسىي ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار ئىدىيە تارىخىدا ئەزەلدىن بار بولغان يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدىنمۇ بەلگىلىك ئورۇن ئالدى.

1. ***يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى:*** يەرگە چوقۇنۇش - ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىدىن بىرى. «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ ئەڭ تىپىك مانايەندىسى ئۇلارنىڭ تۇپراققا ئېتىقاد قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ»[10]. «دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي مىفلىرىدا «ئىنسانلار تۇپراقتىن يارالغان» دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر سىستېمىسى ئەكس ئېتىدۇ»[11].

ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا» توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر ۋە مەركىزى ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرىدە ئانىمىزىملىق قاراشلار تەدرىجىي يىغىنچاقلىنىپ، تۇپراق ۋە ئاساسىي ئىلاھلار يۈنىلىشىنى بويلاپ راۋاجلاندى. نەتىجىدە خاس مەھەللىي ۋە مىللىي ئورگىناللىققا ئىگە ئالەم «رۇبائىيسى» (فارابى سۆزى) - تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت تۆت تادۇ قارىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ھاۋا تەڭرى، ئوت (كۈن) تەڭرى تۆت ئىلاھىيەت قارىشى شەكىللەندى» [*]. شۇڭلاشقا « قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر-سۇب» (مۇقەددەس يەر-سۇ) دەپ ئاتالغان» [*]. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەر-تۇپراق ئېتىقادىنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ بۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن،

«ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر»، «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇپراقتىن يارالمىش» ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، يەر-تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ۋە قەدىرلەش قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يەنە بەزى مەنبەلەردە، «يەر ئانا قارىشى ئىنسانلار ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كىرگەن دەۋرلەردە پەيدا بولغان» [*] دېيىلىدۇ. چۈنكى يەر تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، يەرنىڭ ھاياتلىق تېرىكچىلىكىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئىلگىرىكى يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقاد-قاراشلىرى ئاساسىدا، يەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئوماي ئانا» (يەر ئانا) قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۈستۈنكى پارلاق ماكان (ئاسمان - جەننەت) بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ ماكان (يەر ئاستى-دوزاق) نىڭ ئارىسىدا «ئوماي ئانا» (يەر ئانا) بار دەپ قارالغان. «تارىم ۋادىسىنىڭ تۈركىلىشىشى» ۋە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراش مايىللىقىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا، يەر ئىلاھى سۈپەتلىك ئورنىنى تەدرىجىي بوشىتىپ، تەبىئەت جىسىملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولدى. ئەمما يەر-بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى جەريانىدا، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار يەرنىڭ بۇ خىل مۇھىم رولىنى ئۆز ئىدىيە تارىخىدا ئەزەلدىن بار بولغان يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان «يەرنى قەدىرلەش» تەك ئۆزگىچە يەر قىممەت قاراش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرىدىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «يەر-دېھقاننىڭ جېنى، (سۇ-يەرنىڭ قېنى)» «يەر ئالتۇن قوزۇق غاجىلاپ يېسەڭ تۈگىمەس» بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنىڭ ھاياتلىق كاپالىتىنىڭ

مۇھىم ئاساسى ۋە تۈگىمەس غەزىنە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا، يەرنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

*2. يەرنى ئاسراش قارىشى:* ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يەر تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قىممەت قاراش مايىللىقى بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى يەرگە بولغان چۈشەنچىلەر ئاساسىدا، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىمۇ بىر قاتار كۆز قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مۇقەددەس ھەقىقەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئادەم يەرنى باقسا، يەر ئادەمنى باقىدۇ»، «ئادەم يەرنى ئالدىمىسا، يەر ئادەمنى ئالدىمايدۇ» «يەر تويمىغىچە، ئەر تويماس»، «يەر تويمىغىچە، ئەت تويماس». بۇ ماقال - تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى يەر بىلەن ئادەم، يەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كۈچلۈك بولغان يەرنى ئاسراش قارىشى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە: «زىغىر تېرىغان يەر - كېزىك بولغان ئەر»، «يەرنى ئوت باسقىنى - ئىگىسىنى نەس باسقىنى» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەردە، ئۇيغۇلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان، يەر بىلەن زىرائەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يەرنى ئاسراش قارىشى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان، ئوخشاش بولمىغان يەرلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ، بىر خىل ھەقىقەت سۈپىتىدە ناھايىتى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە يەرنى ئاسراش خاھىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «سېغىز يەر - مېغىز يەر، شور يەر - پور يەر، قۇم يەر - شۇم يەر قۇم يەر يەر ئەمەس، كىچىك بالا ئەر ئەمەس»

## II . ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى سۇ توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى سۇ توغرىسىدىكى قاراشلار - ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقاد ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىنكاسى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ،

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان هالدا، كىشىلەرنى سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش، سۇنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا دەۋەت قىلىپ كەلمەكتە.

«سۇمۇ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى، سۇ ئىنسانلارنىڭ هاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان بېقىنىشى هەرقانداق بىر تەبىئىي بويۇمنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى سۇ ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلتۈرگەن هەم داۋاملىششى ئەڭ ئۇزۇن بولغان تەبىئەت ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى»[3]. «سۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم ئورنى ۋە ئۇنىڭ پاكلىقى، بەزى كەلكۈن، بەزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسىدە «سۇ ئىلاهى» نىڭ كارامىتى دەپ قارالغان. نەتىجىدە سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل، بۇلاق، يامغۇر...) نى مۇقەددەس بىلىپ، كۆپ خىل سۇ ئىلاهلىرىنى ياراتقان»[4]. «سۇ تەڭرى» - قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قارىشى بولغان تۆت تادۇ (تۇپراق، سۇ ، هاۋا، ئوت) قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان تۆت تەڭرى (يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، هاۋا تەڭرى، ئوت تەڭرى) نىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى «ئوغۇزنامە» دە، ئوغۇز خاقاننىڭ سۇ ئىلاهىنىڭ قىزى بىلەن نىكاهلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇلغا «دېڭىز» .... دەپ ئات قويغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «سۇ ئۇزۇپ چۈش كۆرسە، شۇ ئادەمنىڭ گۇناهى يۇيىلىدۇ، بەختلىك بولىدۇ. سۇغا تۆكۈرسە يامان (گۇناه) بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، سۇغا بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرى هازىرغىچە داۋاملاشماقتا. بۇنداق سۇنى ئۇلۇغلايدىغان، سۇنى مۇقەددەس بىلىدىغان قاراشلار، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ هەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ناهايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «سۇسىز هايات بولماس، (ئەمگەكسىز راهەت بولماس)»، «تامچە سۇدا تال كۆكىرەر» «سۇ يەتتە يۇملىسا هالال» «سۇ ئىچكەن كۆلگە تۈكۈرمە» بۇ ماقال-تەمسىللەردىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، «سۇ هاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ئىلاه»، «سۇ هامان پاك ۋە مۇقەددەس» دەيدىغان ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش، سۇنى ئاسراش خاهىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان سۇ توغرىسىدىكى قاراشلار بىر قەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سۇ - بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى جەريانىدا، هاياتلىقنىڭ ئاساس كاپالىتى ۋە تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان تومۇرى ئىدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا، سۇمۇ يەرگە ئوخشاشلا ئىلاهى سۈپەتلىك ئورنىنى تەدرىجىي بوشىتىپ، تەبىئەت جىسىملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغانىدى. بۇ هال ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسىدا، بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش، سۇنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاراشلىرىنى بارلىققا

كەلتۈرگەن. بۇ قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «(يەر دېھقاننىڭ جېنى)، سۇ يەرنىڭ قېنى»، «دان سۈيى ـ جان سۈيى»، «يىلتىز سۇدا بولمىسا، ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتمە»، «سۈيۈم كۆلدە، ئېشىم چۆلدە».

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار سۇنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ جان تومۇرى، مول ـ ھوسۇلنىڭ مەنبەسى، تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، سۇغا بولغان ھۆرمىتىنى ۋە ئۇنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

### III. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ھاۋا توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ھاۋا توغرىسىدىكى قاراشلار ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا راۋاجلانغان ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ مۇكەممەل بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان ھاۋانى ئۇلۇغلاش، ھاۋانى قەدىرلەش ۋە ھاۋانىڭ ساپلىقىنى قوغداش قاراشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراش قەدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر ئاڭ ـ ئىدىئولوگىيە سىستېمىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىگە ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

«قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى ھاۋا بىلەن ھاياتلىقنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇلارچە، ھاياتلىقنىڭ دەسلەپكى خۇسۇسىيىتى نەپەس ئېلىش (abden) بولۇپ، نەپەس جان ۋە روھىيەت بىر پۈتۈن دەپ قارالغان»[3]. بۇ قاراش كېيىنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۇپا ـ تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ قارىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ھاۋا تەڭرى، ئوت (كۈن) تەڭرى قاتارلىق ئىلاھىيەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل بولغان. ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئادەم بىلەن شەيئىلەر، ھاياتلىق بىلەن تەبەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «ھەرخىل كېسەللەر ھاۋا، شامال، نەپەس بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان»[4]. بۇ خىل قاراشلار ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئادەتتە شامان باخشىلىرى بىر قىسىم كېسەل كىشىلەرگە دىئاگنوز قويغاندا، «شامال دارىپتۇ» دەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ ھاۋا بىلەن ھاياتلىق ۋە سالامەتلىكنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر قىسىم مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «كۆڭۈلنى ياشناتقان ناۋا، ھاياتنى ياشناتقان ھاۋا» «ساپ ھاۋا ـ تەنگە داۋا» بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن، قەدىمكى دەۋردىكى «ھاۋا ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، ساپ ۋە پاكىز ھاۋا بارلىق كېسەللەرنىڭ شىپاسى» دەپ قارايدىغان ھاۋانى ئۇلۇغلاش، ھاۋانى قەدىرلەش ۋە ساپ ھاۋانى ئاسراش قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### IV. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار - ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم ۋە تۇتېمىزم) قاراشىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى ئەمەلىيىتىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

ھايۋانلارغا چوقۇنۇش - ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «ھايۋانلارغا ئېتىقاد قىلىش - دۇنياۋىي ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى. بۇ ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە كۆزگە چېلىقىدۇ»[illegible].

«ھايۋانلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۇتېم پۈتۈنلەي بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ناھايىتى كەڭ چۈشەنچىدۇر. تۇتېمىزم بولسا ئۇرۇق دەپ ئاتالغان ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ (جەمئىيەت) ئەزالىرىنى مۇقەددەس بىلىپ، بەزى مەخلۇقلارغا ياكى شەيئىلەرگە باغلىغان ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى. ئەنە شۇنىڭدىن تۇتېم ئېتىقادى كېلىپ چىققان»[illegible]. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا قۇرت (بۆرە) بەخت تەڭرىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ بۆرە ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى ساقلانغان بولۇپ، «پېشكەللىكتىن ساقلايدۇ» دەپ، سەپەرگە چىققاندا بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ، يەنە بەزىلەر بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالىدۇ.

«جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ ھايۋانلار ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆرە تۇتېم ئېتىقادىمۇ ئۆزگەرگەن»[illegible]. يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار تارىختا بۆرىدىن باشقا يەنە «ئات»، «لاچىن»، «كالا»، «شىر (ئارسلان)»، «تۆگە (بۇغرا)» قاتارلىقلارغىمۇ چوقۇنغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىدا، «ئات قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ھايۋان دەپ قارىلاتتى. چۈنكى، ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن باشلاپلا، خەلق خوجىلىقىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغانىدى، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاتقا تايىناتتى؛ قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىق ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ رىئاللىق ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا ئاتقا بولغان سېغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئۇرۇق-قەبىلىلىرى ئاتنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش تەڭرىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان»[illegible] دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قەبرىسىگە ھەمدە ئوخشىمىغان زىيارەت ئېتىزلىرى ۋە ئۈزۈم تاللىرىغا «كۆز تەگمىسۇن» دەپ، ئارزۇلاپ ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانماقتا». ئاتنى ئۇلۇغلايدىغان بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ

كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئات - ئەرگە قانات» ، «ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق سال» ، «ئېتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىگىچە، يەم بىلەن ھەيدە» . بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتتىن ئىبارەت بۇ ھايۋاننى ئەتىۋارلاپ، ئاسرايدىغان خاھىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا «ئات» قا چوقۇنغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ كونكرېت ۋە ئەينەن ئىنكاسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ دەرىجە پەرقىمۇ ناھايىتى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «لاچىن قاراپ تاپىدۇ، تۈلكە ماراپ تاپىدۇ، بۆرە پۇراپ تاپىدۇ» ، «باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس» . بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق، دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي يەكۈنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھايۋانلارغا بولغان كۈچلۈك ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن. بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ھايۋانلار بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردىن يەكۈنلىگەن ئادەت خاراكتېرلىك قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «مالنى كېپەككە ئال، باققۇچىنى ئالتۇنغا ئال» بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە ئادەتلىرى ناھايىتى كونكرېت شەرھىلەنگەن بولۇپ، مال-چارۋىلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم ھايۋانلار توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى ساق» «بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ ياخشى» «قارغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ، (قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ)» بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ھايۋانلار بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردىكى ھايۋانلارنىڭ رولى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ھايۋانلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## V . ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى باغ-ئورمان، ئۆسۈملۈك قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى باغ - ئورمان، ئۆسۈملۈك قارىشى - ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن

ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى قوغداشقا ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ توپلاش پائالىيىتى ۋە ياشاش، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل ئېتىقاد پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان قەدىمىي ئېتىقاد بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى ھەممە خەلقلەردە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ»[10]. قەدىمكى ئىنسانلار «ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا، دەرەختىن نەپ ئالغانلىقى، دەرەخنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرگەن زور پايدىسى، ياخشىلىقى ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلاردا دەرەخكە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى قوزغىسا، دەرەخلەردىكى سىرلىق كۈچ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان»[11]. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئىنسانلاردا دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەبەت ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى ھازىرمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەتلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلەردە، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلمىغان ئىكەن، ...«esca» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغانىكەن»[12] دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوسى «ئۇغۇزنامە» دە، ئۇغۇزخاننىڭ دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «يەتتە توپ ئۈژمە تىككەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدىغان قاراش ئومۇملاشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇرلار قەدىمدە «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دەيدىغان ئانىمىزملىق ئېتىقادلارغىمۇ ئىشەنگەچكە، بۇ خىل روھ ئېتىقادىنىڭ ئىزلىرى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان. مەسىلەن، «سېدە، قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخلەردە جىن بولارمىش»[13]. بۇ خىل قاراش ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «دۈشمىنىڭنى ئۆيۈڭگە يولاتما، قارىياغاچنى بېغىڭغا يولاتما». بۇ ماقال-تەمسىلدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزملىق ئېتىقاد قارىشىدا دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىكى روھلارنى ياخشى ۋە يامان دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئۆزىگە نەپ بېرىدىغان، پايدىلىق دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردە ياخشى روھ بولىدۇ، نەپ بەرمەيدىغان (قارىياغاچقا ئوخشاش كۆرۈمسىز) دەرەخلەردە يامان روھ بولىدۇ دەپ

قارىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ قاراشلار كېيىنچە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي ئاساسىدىكى باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى بىلەن ماس ھالدا بېرىكىپ ۋە تاھازىرغىچە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، باغ - ئورمان بەرپا قىلىش، بۇ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەكس يۆنىلىشلىك تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىدىغان ئادەت - قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ خىل ئادەت - قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «دەرەخ تىكسەڭ ساقلار تۇپراقنى، مۇنبەت قىلار بىنەم، ئوتلاقنى»، «تىكىۋەرسەڭ كۆچەتنى بىكار جايغا، ئايلىنىسەن پات ئارىدا كاتتا بايغا»، «بىرنى كەسسەڭ - ئوننى تىك»، «ئۆستەڭ يارىشىغى تار، (قىز يارىشىقى خال)». بۇ ماقال - تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن، ئورمان بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتلەر ئەڭ ئىخچام شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، دەل - دەرەخلەرنى ئاسراش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، نۇقۇل ھالدا تېرىقچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ - توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىغا ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ تىكىپ باغ ياسايدىغان، ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە مەھەللە، ھويلا - ئاراملارغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىدىغان ئادەتلەر شەكىللەندى. بىر تەرەپتىن باغۋەنچىلىك، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىنىڭ قوشۇمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى بولغان بولسا، يەنى بىر تەرەپتىن كىلىماتى قۇرغاق ۋە ئىسسىق رايونلاردا، يازدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى سالقىن سايە ۋە كۆركەم بېزەك بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدە باراڭ مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلقىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ قىلىش ۋە ھەرخىل باراڭلارنى ياساشتەك يېشىللىقنى سۆيىدىغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان.

بۇ خىل قىممەت قارىشى ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدىكى ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ ئومۇمىي قاراش بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ئۇژمە سايىسى» دېگەن چۆچەك، بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «كۆچەت تىكسەڭ بېغىڭغا، ھەسەل تامار تىلىڭغا»، «ئاۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت»، «باغنى باقساڭ باغ بولۇش، پاتمان ـ پاتمان ياغ بولۇر»، «بېقىشسىز باغ تاغ بولۇر، يۈرەك باغرىڭ داغ بولۇر»، «بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس»، «باغنىڭ ھۆسنى ـ باغۋەندە»، «شاپتۇلدا باغ قىلما»، «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە تىك» بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تىرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىنىمۇ تەڭ راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئادەت ـ قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باغ ياساشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باغلارنى ئاسراپ، قوغدايدىغان خاھىشلىرى ئىپادىلەنگەن.

**Ⅵ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تۆت پەسىل (ئاسترونومىيە) قارىشى**

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تۆت پەسىل (ئاسترونومىيە)قارىشى ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقاد قاراشلىرى، ساددا ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان ئاسترونومىيىلىك قاراشلار بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھاۋارايىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان ئىلمىي يەكۈندۇر. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان، بۇ ئىلمىي يەكۈنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش كالېندارىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغانىدى.

«ئىنسانلار تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى بىلمىگەن ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋەھىمە تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ساددا خىيالىدا ئاگسىز سەنئەت شەكلى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلاھىلاشتۇرۇپ ئاجايىپ كوسمولوگىيىلىك مىفلار بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا كىشىلەر قەلبىدە، تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىش بارلىققا كەلدى. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، يىل، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پىلانېتلار) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى»[9]. «ئۇزاق ئەسىرلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئاددىي كۆز بىلەن تەكرار كۆزىتىپ، ئاسمان پىلانېتلىرىنىڭ بۇرجىلىق ۋاقتىنى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرىنى) مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقسىز كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) پەيدا بولدى.

دېھقان - تېرىمچىلار ۋە مال - چارۋىچىلار مۇشۇ كالىندار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىنى بەلگىلىدى»[10].

قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن، ھاۋارايى (مېترولوگىيە) دىكى خىلمۇ - خىل مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. بۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ، مۇئەييەن قانۇنىيەتلىك ھۆكۈمگە ئايلانغان. ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ.....پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ چاغ - كۈن ھېسابىنى بەلگىلىگەن،.... شۇ ئاساستا تېرىقچىلىق پەيتىنى بەلگىلەش ۋە تەگشەش، ئۇزاقتىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىۋاتقان مۇھىم ئادەتلەرنىڭ بىرى ئىدى»[11]. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىمۇ ئەنە شۇ ھاۋارايىنى كۆزىتىشتىن چىقىرىلغان يەكۈنلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئىش قىلساڭ پەسىلگە باق، (ئادەم تاللىساڭ نەسلىگە باق)»، «ھۇت - كەتمەن سېپىنى تۇت»، «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»، «كۈندىن قالدىڭ، يىلدىن قالدىڭ»، «قەشقەرنىڭ سوغۇقى ئاز، قىشى ئەتىياز»

«قىش غېمىنى يازدا يە، ياز غېمىنى قىشتا يە»، «يازدا ئۇخلىغان، قىشتا مۇزلار»، «يازدا ئېرىنچەك بولساڭ، قىشتا دۈمچەك بولىسەن» بۇ ماقال - تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۆت پەسىل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرى ۋە ئادەت قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلار تۆت پەسىل توغرىسىدا ئەتراپلىق كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، مول ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا تۆت پەسىلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىمۇ بىر قاتار قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تۆت پەسىل توغرىسىدىكى بۇ خىل قاراشلار، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «يازدا يول يۈر تاڭ ئاتماستا، قىشتا يول يۈر كۈن پاتماستا»، «يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر، قىشقىتا ئوزۇقىڭنى ئېلىپ يۈر»، «قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ»، «ياز - دۆلەت، قىش - مەينەت»، «قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر، ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەر» بۇ ماقال - تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، پەسىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ھەرقايسى پەسىللەر خاس بولغان تۇرمۇش ئادەت - قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**VII. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى**

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى - ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئادەم ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان. تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاراشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىدا، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«تەبىئەت دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئىپتىدائىي ئوبيېكتىدۇر، بۇ نۇقتىنى بارلىق دىنلار، بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى»[16]. «ئىلىم - پەن ئۇيقۇغا چۆككەن ۋە مەدەنىيەت باشلانمىغان پەيتتە، ئىپتىدائىي ئېتىقادلار دائىم « ئۆز گېپىنى يورغىلىتىش» بىلەن ئالەمدىكى ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى يېشىپ، دۇنيانى چۈشەندۈرگەن. بۇ دەل ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئەقىدە قىلغان بىرىنچى ئېتىقاددۇر»[17]. «ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى «ئىلاھىلاشتۇرۇپ» تەسەۋۋۇر قىلغان»[18]. «كۆككە چوقۇنۇش - ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، بوران، شامال، يامغۇر، قار، چاقماقلارغا بولغان ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[20].

«بۇلۇت قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئېتنوگېنزى ئاساسلىرىدىن بولغان ئارىئانلارنىڭ مۇھىم بىر ئىلاھى دېيىلەتتى»[21]. «ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا كۆككە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان «يامغۇر تىلەش مۇراسىمى»دا، كىشىلەر «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ كۆككە قاراپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىش ئادىتى بار»[22]. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، بەخت-سائادەتكە سىمۋول قىلىدىغان مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «يامغۇر ياغدى-ياغ ياغدى، قار ياغدى - نان ياغدى»، «يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى، ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى». بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قار، يامغۇرغا ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت-ئامەت، باياشاتلىق ئاتا قىلىدىغان ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يازما مەنبەلەردە يامغۇر، بۇلۇت، شامال تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ، تەڭرى ئىلاھىيلىق سۈپەتتىن قىلغان»[23]. قىممەت قاراش مايىللىقىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە، بۇ خىل قىممەت قاراشلىرى تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ھوسۇلۇڭ كەم بولسا، ھاۋادىن كۆرمە»، «پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە». بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلاھىي سۈپەتتە كۆرمەستىن، بەلكى تەبىەت ھادىسلىرى دەپ قاراپ، تېرىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە، بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ رولىدىن

تولۇق پايدىلىنىش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى مۇناسىۋەتلەر شەرھىلەنگەن. مەسىلەن، «يامغۇردا يەپ يات، بوراندا دۈم يات»، «قاردا پولو، يامغۇردا شوۋا، بوراندا ئۇيقۇ»، «شار-شار يامغۇر ياندىن ئۆتەر، سىم-سىم يامغۇر جاندىن ئۆتەر». بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئادەم بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسى بولۇپ، بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، ئۇلارنىڭ پايدىسىز تەسىرىدىن ساقلىنىپ، پايدىلىق تەرىپىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتى ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۈندۈرمىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىپتىدائىي (تەبىئەت) ئېتىقاد قاراشلىرى بىلەن تېرىكچىلىك ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ خىل قاراشلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە - قاراشلىرى، بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆزگىچە پەلسەپىۋىي چۈشەنچىلىرى ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ بىرىكىشى ئاساسىدا تەدرىجىي بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا بەلگىلىك رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلارنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، رولى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىزاھاتلار:**

① جاڭ گاۋ: «يەر شارىلىشىش مۇھىتىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەنقىد»، ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى (خەنزۇچە)، 2001-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى

② ⑥ ⑦ ⑫ ⑱ ㉒ خۇاڭ فەن: «ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي» (خەنزۇچە)، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل (خەنزۇچە) نەشرى، 19-، 227-، 227-، 276-، 283-، 368-بەت.

③ ⑤ ۋاڭ نىڭشېڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەكشۈرۈشى» (خەنزۇچە)، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى

نەشرىياتى، 2002-يىل نەشرى، 50-، 55-بەت.

④ «گوۋۇيۇەننىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» ، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى (خەنزۇچە)، 2004-يىل 3-ئاينىڭ 23-كۈنى، 10-بەت.

⑧ ئابلىز ئەمەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» (ئۇيغۇرچە)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001-يىل نەشرى، كىرىش سۆز 1-بەت.

⑨ مىڭ چى بىيى: «يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى» (خەنزۇچە)، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى نەشرى، 1999-يىل، 1-توم

⑩ ئارسلان: «شىنجاڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە)، 2004-يىل نەشرى، 16-بەت.

⑪ «ماركسىزم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇق» (خەنزۇچە)، خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى، 93-بەت.

⑬ زارىپ دولات: «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە-ئىدىيە تارىخىدىن ئۇچېرىكلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل 6-ئاي نەشرى، 31-بەت.

⑭ ⑮ ⑯ ⑲ ㉔ ㉕ ㊵ ㊷ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1990-يىل 1-سان، 63-، 66-، 67-، 68-، 69-بەت.

⑰ گۈلنار ئىسمايىل: «ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1998-يىل 3-سان، 78-بەت.

⑱ ⑳ ㉓ ㉖ ㉗ ㉘ ㉙ ㉝ ㉞ ㉟ ㊱ ㊴ ㊶ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىل، 454-، 457-، 459-، 460-، 461-، 464-، 530-بەت.

㉑ لىن خۇيشياڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، سودا نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 93-بەت.

㉚ ㉛ راھىلە داۋۇت: «قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1990-يىل 1-سان، 78-، 83-بەت.

㉜ ئابدۇكېرىم راخمان «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 92-بەت.

㊲ فېيېرباخ: «دىنىنىڭ ماھىيىتى» ، سەن ليەن كىتابخانىسى نەشرى (خەنزۇچە)، 1962-يىل، 2-توم، 459-بەت.

### *پايدىلانغان ماتېرىياللار:*

1. ئابلىز ئەمەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001-يىل نەشرى.

2. «يەكەن خەلق ماقال-تەمسىللىرى» ، يەكەن ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن. 1989-يىل.

3. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق ماقال-تەمسىللىرى» ، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994-يىل نەشرى.

4. «تۇرپان خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىيات تۇپلاملىرى ھەيئىتى تۈزگەن، 1992-يىل.

5. گېلىڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئۇغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى.

6. «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى، 92-بەت.

7. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىل.

8. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1990-يىلى 1-سان

(ئاپتور:شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مىللەتشۇناسلىق كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق.

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008-يىللىق 1-سانىدا سەۋەنلىكىمىزدىن مەلۇم ماقالىلارنىڭ ئىملاسى خاتا كېتىپ قالغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى شۇنداقلا توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ژۇرنىلىمىز تەھرىراتىدىن)

# ئىدىقۇت

## (رومانىدىن پارچە)

# بارچۇق ئارت تېكىن

ئەخمەتجان ھاشىرى (تۈركىيە)

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ يازلىق پايتەختى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان قۇتلۇق بەشبالىق شەھىرىدە، نورۇزنىڭ ئاخىرى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا، 10 كۈن داۋامىدا، ناھايىتى چوڭ داغ ـ دۇغا بىلەن بۇددا سەيلىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بەشبالىققا خانبالىق، خاتۇنبالىق، تاڭغۇت، جورجىت، موڭغۇل خانلىقلىرىدىن رەسمىي ۋەكىللەر تەكلىپ قىلىنىدى. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياشىغان ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاراقۇرۇم، سېلىنگا، خوتۇنبالىق جاي ماكانلىرىدا دىلىنى ۋە تىلىنى يوقاتماي ماكانلىشىپ، پانالىنىپ قالغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى شۇنداقلا قەشقەر، خوتەن، قومۇل خانلىقلىرىدىنمۇ چاقىرىلغانىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى چېگرىسىدىن خېلى يىراقتا ياشاۋاتقان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پىر ئۇستازلارمۇ، راھىپلارمۇ ئاڭلاپ، ئوقۇپ بىلىپ كېلىۋاتقان ئىلمىي زاتلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇددا سەيلىسىنى كۆرۈشكە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئارگۇ، ئوترار، بۇخارا، سەمەرقەنت، خارازىم، بەلىخ، خۇراسان، ماۋارائۇننەھر، ھىرات، باغدات شەھەرلىرىنىڭ سودا كارۋانلىرى ئىككى كۈن ئاۋۋال يېتىپمۇ كەلدى. ئاسىيادىن كەلگەن مېھمانلار، داڭلىق سودىگەرلەر ئۇزۇن ۋە ئەگرى بويۇنلىرىغا ھەر خىل ئاۋازلىق قوڭغۇراق ئېسىلغان تۆت يۈزگە يېقىن ئاق ئارۋانا، نار تۆگىلىرىنى گۇماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ كەڭ مەيدانىغا ئەكىلىپ چۆكتۈردى. قورام تاشلاردەك لاپچاراپ ياتقان تۆگىلەر ئاغزىدىكى ئاق پاختىدەك كۆپۈكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئارام ئالغاندەك كۆزلىرىنى يۇمغانىدى. ئاندا ـ ساندا پۇچۇق بۇرۇنلىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، لايغا ئوخشىغان لەۋلىرىنى سوزۇشتۇرۇپ قويىدۇ. مېھمان سودىگەرلەر تۆگىلەر ئۈستىدىن چۈشۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئارگۇدا ئىشلەپچىقارغان ھەرخىل تاۋارلارنى ئالتۇن، كۆمۈشتىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملارنى بۇ يەرگە كەلگەن بەشبالىق تۇرغۇنلىرىغا كۆرسىتىپمۇ، سېتىپمۇ ئۈلگۈرگەن؛ ئېشەك، ئاتلىرىغا بوغۇز، يەمىش، چۆپ بېرىپ، موما ياغاچلىرىغا مەھكەم باغلاپ قويۇپ، خاتىرجەم ھاردۇق چىقارماقتا. ئۇلار ئەشۇ مەيدانغىلا چوغدەك قىزىل توتى قۇشلار ئەكس ئېتىلگەن، گۈللەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن گىلەملەرنى يېيىپ قويۇپ، ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بەشبالىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىشاتتى.

كارۋان بېشى ئەجدىھا ئەكس ئېتىلگەن تاڭغۇت پىيالىسىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ: ـ ئۇيغۇرنىڭ بەشبالىق شەھىرى ئالتۇن كۆرىگىنىمىز ـ دە، بۇ يۇرتتىن ئىشەنچلىك ئۆتىمىز، دىنىمىز ئوخشىمىغىنى بىلەن، دىلىمىز ئوخشاش ـ دەپ ماختىدى. بۇ سۆزگە بېشىغا ئاق ـ كۆك سەللىلەر باغلىغان مۇسۇلمان سودىگەرلىرى بولسا، قوللىرىنى

كۆكسىگە قويۇشۇپ:

-ھەق گەپ، كەرىماخۇن ھاجىم! - دېيىشتى.

مۇسۇلمانلار جەينىماز سېلىپ، ناماز ئوقۇۋاتسا، بۇددا ئېتىقاتىدىكىلەر گۇماتى ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇپ، راھىپلار بىلەن بىللە گۈزەل، نۇرلۇق، دانىشمەن، بورخانلارغا (خۇدا)نىڭ قاراپ سېغىنماقتا. باشقا مېھمانلارمۇ گۇماتى ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلىشىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت - بارچۇق ئارتېكىن ئىگىز بويلۇق، زور كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە، چىرايىدىن مېھىر يېغىپ تۇرغان، قاڭشا بۇرۇن، قاپ-قارا ساقال-بۇرۇت قويغان، ھۆسۈندار بۈيۈك زات ئىدى. ئۇ ھەر يىلى بۇددا سەيلىسىدىن ئاۋۋال بەشبالىقتا يىلىغا بىر قېتىم دۆلەت كېڭىشىنى ئۆتكۈزەتتى. بارچۇق ئارتېكىن مۇشۇ قېتىم ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ماھارىتىنى كۆرۈش ھەققىدە بۇيرۇق-پەرمان چۈشۈردى. ئۇ پەرمانغا ئاساسەن بىر يارلىقنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقتى. ئىدىقۇت شاھانە قەلىمى بىلەن يارلىققا نام شەرىپىنى پۈتتى. ئوردا نازارەتچىسى تۇتۇڭنى چاقىردى.

تۇتۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، باش ئېگىپ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

-تامغىچىنى چاقىر! - دېدى جىددىي ھالەتتە.

-ھازىر، ھازىر جانابىي تەڭرىقۇت، چاقىراي! - چىقىپ كەتتى، ئۇ.

تامغىچى بەئەينى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغاندەك، ناھايىتى چاپسانلا بارچۇق ئارتېكىننىڭ ئالدىغا كىردى ۋە ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

-يارلىققا تامغا بېسىلسۇن!- دېدى ئالدىدا تۇرغان يارلىقنى قولىنىڭ ئۇچىدا كۆرسىتىپ.

تامغىچى يارلىققا تامغا باستى.

-سىلىدە باشقا ئىشىم يوق!

تامغىچى كەينىچە مېڭىپ، ئىشىك تۈۋىگە باردى، ئاندىن ئىدىقۇتقا تازىم قىلغاچ چىقىپ كەتتى. بارچۇق ئارت تېكىن ئەمدى ئالتە نەپىرى تاشقى ئىشلار تارقانىنى، جاغۇندانى باش ئىش بېجىرگۈچى - بۇيرۇقچى بېگىمنى يېنىغا چاقىرۋالدى ۋە جىددىي بۇيرۇق قىلدى.

-بۇ يارلىقنى دۆلىتىمىزنىڭ پۈتۈن زېمىنىگە كىرىدىغان تۇرپاندىن شەرقىي-جەنۇبىي كەڭسۇدىكى دەشئاتا، ئەنشىگىچە، غەربىي جەنۇبىي بوگۇرگىچە، جەنۇبىي لوپنۇرغىچە بولغان جاي-ماكانلارغا تېز يەتكۈزۈلسۇن، -دېدى ھۆكۈمدار جىددىي ئاۋاز بىلەن.

-ئىجازەت قىلسىڭىز، بىز سەپەرگە ئاتلانساق جانابىي تېكىن!

ئۇلار باش ئېگىپ، ئوردىدىن چىقىپ كەتتى-دە ياخشى يۈگرەك ئاتلارغا مىنىپ شۇ كۈنىلا يولغا راۋان بولدى...

بۇ قېتىمقى دۆلەت كېڭىشى ناھايىتى چوڭ ۋە جىددىي ئىشلارنى ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئۆتكۈزۈلمەكچى. ئۇ زۆرۈرىيەت بولۇشى، قىتان خانلىقىغا بېقىندى بولۇشتىن ۋاز كېچىش، تۈزۈلگەن ئەھدىنامىنى كۈچىدىن قالدۇرۇش؛ چىڭگىزخاندىن ئىدىقۇتقا تۇغۇلۇۋاتقان جىددىي خەۋپ-خەتەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەمەلىي يولىنى قاراشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنداقلا تۇرپان، قاراقوچو، ئاستانىگە ئىككى-ئۈچ ئايدا بىر يىغىلىپ ئوغۇزخان، مەڭلىك تېكىن، بۆكۈ تېكىن، ئىردىمىنخان، ئارسلانخان، بىلگە تېكىنلەر كەبى سابىق ئىدىقۇتلارنى چوڭقۇر يادلاپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراق قىلىش

ئەنئەنىسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. بارچۇق ئارت تېكىن ئاۋۋال ئاۋالىسىدا كۆك تەڭرىگە، يەر تەڭرىگە، قۇياش تەڭرىگە، ئاي تەڭرىگە سېغىنىپ، دۆلەت، خانلىقلارنى باشقۇرغان ئىدىقۇتلارنىمۇ خاتىرىلەپ ئۆتىدىغان، ئايلىق، چارەكلىك كېڭەشلەردە بولسا، ئىدىقۇت خەلقىنىڭ نوپۇسى قانچە، دۆلەتتە بېقىۋاتقان چارۋا ۋە جەڭچى ئاتلىرىنىڭ سانى قانچىگە يەتتى مانا شۇلارنى بىلىپ تۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن شۇ خىل كېڭەش مەجلىسىگە شائىرلار، ئەدەبىي تەرجىمان بۇددىستلار: ئاپرىينچۇرتېكىن، كۆل تارقان، سىنقۇ سەلى، قەلىم كەيشى، فارات ياشىرى، كى-كى ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭغا ئوخشاش ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىشىنى چوڭ ھالقىلىق مەسىلە قىلىپ قوياتتى. سەنئەتچىلەرنى، ھۈنەرۋەنلەرنى، تېبابەتچىلەرنىمۇ قوشۇپ چاقىرىدىغان. . .

بارچۇق ئارت تېكىن كۆپلىگەن دىنىي ئېتىقاد كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ ئۆگەنگەن ساۋاتلىق ئىدىقۇت ئىدى. ئۇ «ئىرىق پۈتۈك»، «ئالتۇن يارۇق» ۋە باشقا ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقاتتى، سازغا بەك ئامراق. ئۇ بەرباب (پىپا)، يىگىرمە بەش تارلىق غوڭقا (كۇڭخۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق سازلارنى چالىدىغان خاقان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ھەرىكەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ كۆپ يىللىق تارىخىنى ھەم ئۆگەنگەن زات. بارچۇق ئارت تېكىن خەنزۇ، قىتان، تاڭغۇت، موڭغۇل، پەھلىۋى-ئەنەتكەك تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىشتىن زېرىككەن شاھ ئەمەس. ئۇ ھەربىي كىيىمدە يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ساۋۇت دوبۇلغىلار ئۇنىڭ زور قامىتىگە بەكمۇ چىرايلىق ياراشاتتى. بارچۇق ئارت تېكىن ئىككى قولىدا ئىككى قىلىچ ئوينىتالايتتى. ماھارەتتە تازا كامالەتلىك، جەڭ سېپى تۈزۈشكە كامىل، چارە-تەدبىرلەردە ئاقىل ئىدى. پاراسەت ئەقىلدىن دانا ئىدى. ۋال-ۋۇل پاقىراپ تۇرىدىغان قۇيۇچ نەيزە تۇتاتتى. كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتقا مىنىپ، نەيزە قىلىچۋازلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، داڭقى چىققان بۈيۈك زات. تېكىننىڭ ۋۇجۇدىدا ئىدىقۇتنى مۇقەددەس، پاكىزە دۆلەت دەپ ئىقرار قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاشقا چوڭ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ ئىچى سىرتىدا يۈرگەن بىكار تەلەپلەرنى ھەر يىلى جازالايتتى. دەككىسىنى بېرەتتى، پاھىشىخانا ۋە ئىشرەتخانىلاردا ئەيشى-ئىشرەت قىلىپ يۈرگەنلەرنى، قىمارخانىلاردا جان كەچۈرۈپ يۈرگەنلەرنى يىگىرمە پالاق ئۇرۇپ، يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىپ قوغلاپ چىقىرىۋېتەتتى. بۇ شاھزادىنىڭ ھەر قاچان ئەقىل-پاراستى ئالىي ئادەملەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئەقىل-مەسلىھەت سورايدىغان ئادىتى بار. ئوي دائىرىسى كەڭ، ۋەزىيەتكە يوقىرىدىن قاراپ ئىش قىلىدىغان پەيلاسوپ تېكىننىڭ چوڭ ۋە مۇقەددەس غېمى، تەشۋىشى - ئۇيغۇر ۋەتىنى!

بارچۇق ئارت تېكىن پانۇسلار يورۇتقان، شاھانە كۆجە-ئىسرىقلار يېقىلغان ئالتۇن قەسىردە ئولتۇرۇپ، جىددىي ئويغا چۆكتى. بارچۇق ئارت تېكىن ئىنتايىن ئۇزۇن بارماقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاستا تولغىدى ۋە بارماقلار قارس-قۇرس قىلىپ قالدى. شۇ خىل ھەرىكەت، شۇ خىل كۆرۈنۈش چوڭ ئوي-خىيال تورىغا چۈشكەندىلا يۈز بېرەتتى. مۇنداق چاغلاردا جانابىي تەقسىرنىڭ قېشىغا كىرىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەتتا ئوڭ قول، سول قول مەسلىھەتچىلىرى بولغان بەشبالىقلىق تورا قايا، بۇلات قايا

تۇرپانلىق تارقان بىلگە بۇقالارمۇ كىرىشكە ئەيمىنەتتى ۋە چۆچەتتى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ مۇبارەت كۆڭلىمۇ ناھايىتى بىئارام بولدى. شاھىنىڭ ئۇستىدىكى ساۋۇت-زەنجىر چاپان ئاستىدا يۈرىكىنىڭ سەل ئىتتىك ئۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا روشەن سېزىلىپ تۇراتتى: «تۇۋا-ئىستىغپار قىلمايمەن، - دېدى ئاستا. «سەن تېنچ تۇر!» «سەن ھودۇقما!» -دېدى نازۇك سېزىملىق يۈرىكىدە، ھەممىنى بىلىدىغىنىڭ راست. مەن شۇ چاغدا كېچە يۈ-كۈندۈز مەسلىھەتلەشكىنىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ يا؟ ياق، مەن ئۇنۇتمىدىم، سەن ياق، بولمايدۇ، ئۇنداق قىلما دەپ قولۇمدىكى ئاۋازلىق ئوقيانى تارتىپ ئالغىنىڭغا ھەيرانمەن؟ قولۇمدىكى كۈچ- قۇۋۋەتنى يوقۇتۇپ، پالەچ قىلىۋەتسەڭ بولمايتتىمۇ؟ سەن مېنىڭ قايتماس ئىرادەمنى بىلىسەنغۇ! مەن ئۇلۇغ بولغاچقا، سەن ھەم ئۇلۇغ!» ...

تەگرىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن يۈرىكى بىلەن ئەنە شۇنداق قەتئىي سۆزلىشىۋالدى-دە يەنى ئوينى ئۆتۈپ كەتكەن قانلىق پاجىئەلىك ۋاقىئەگە ئېلىپ باردى. تېكىننىڭ ئاق پاختىلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرغان ئىككى كۆزى چوغدەك يېنىپ، بەئەينى دوبۇلغىنى ئاستا-ئاستا كۆيدۈرىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئۇنىڭ قېلىن كىرپىكلىرىمۇ ئىككى جۈپ پاقىرىغان كۆزلەرنى يېنىشقا ئاجىزلىق قىلغانىدى. كىرپىكلىرى خۇددى كۆز نۇرلىرىنىڭ تەپتىدىن كۆيۈپ كەتكەندەك قېتىپ قاپتۇ. تېگىپ قويساڭ بولغىنى، زەنجىرلىك گەۋدىسىگە قېقىلىپ چۈشىدىغاندەك پەرەز قىلاتتى كىشى. ئىدىقۇتنىڭ قۇياش نۇرى ئېتىلىپ تۇرغان ئاق يۈزىگە بەئەينى بىرسى بىر ئۇچۇم كۈل ياكى توپا چېچىۋەتكەندەك كۆكىرىپ، ئاچ قارا رەڭ بىلەن بويالغاندەك سەت، سۆرۈن كۆرۈنەتتى. ..

بارچۇق ئارت تېكىن ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ئالچىسى يەنى چوڭ بىكەسىدىن قالغان يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئىنئەل تۆمۈر ئوغلىنىڭ باتۇر ۋە قەيسەر، چىدامىلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى.

- ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى سېپىگە كىرسەم! - دېدى بىر كۈنى ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن بارچۇق، ئاتىسى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈر ئالدىغا كېلىپ تېز پۈكۈپ تۇرۇپ، ياش بارچۇقنىڭ چىرايى ئوچۇق، كۆزىگە نۇر ئەكس ئېتىلەتتى... - مېنىڭ قولۇمدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ! ماڭا ئىشەنسەڭلا بولىدۇ، ئاتا !

-ئۇنداق ئىكەن، مەن سېنى بىر سىناپ كۆرەي! - دېدى ئاتىسى ئىنئەل تۆمۈر ئىككىلىنىپ، - يۈرە قېنى، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت!

بەشبالىق دالاسىغا ئىككى ئاتلىق چىقتى، ئورمان-چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

-ئوقيا ئېتىش مەشىقىنى كۆرسەت! - دېدى ئىنئەل تۆمۈر بارچۇققا.

بارچۇق ئوقيانى قولىدا تۇتۇپ:

-نېمە قىلىمەن؟ دەپ سورىدى.

-ئۇ ۋاقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئاۋۇ شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشىرىسەن، چۈشەرسەڭ جەڭچى بولىدۇم دەپ ھېسابلاۋەرگەيسەن، ئوغلۇم. بارچۇق شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشەردى. ئىنئەل تۆمۈر:

-ئاپىرىن، ئاپىرىن ئوغلۇم! - دېدى.

بارچۇق ئەمدى ئۆزىگە ئۆگەنگەن ئاتنى چېپىپ كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەككۈزدى. نەيزىۋازلىق ، قىلىچۋازلىق، گۈرزە پىقىرىتىش ھۈنىرىنىمۇ كۆرسەتتى. بىراق ئىنئەل تۆمۈر بارچۇققا ئۇيغۇر ئىدىقۇت قوشۇنىغا كىرىسەن دەپ ئېيتمىدى. ئەمما

بارچۇقتىن بىر نېمىنى يوشۇرغانلىقىنى ئوغلى سەزمىگەن ۋە ئۇنى كېيىن پەرەزدە بىلدى.

ئىدىقۇت ئىنىئەل تۆمۈر بىر كۈنى تويۇقسىزدىنلا دۆلەت كېڭىشىنى ئۆتكۈزدى.

-مەن ئۆزەمنىڭ ئورنۇمغا تەگرىقۇت قىلىپ ئوغلۇم بارچۇق ئارت تېكىننى قالدۇرىمەن! - دېدى قەتئىي پىكىردە تۇرغان هالدا. پايتەختكە چاقىرىلغان ئىدىقۇت باي ئەمەلدارلىرى، ئوردىدا ئىككى كۈن كەسكىن تالاش-تارتىش ئارقىلىق يېڭىدىن تەختكە چىقىدىغان تەگرىقۇتنى بەلگىلىدى. ئۇ تەگرىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ئىدى.

ماڭا شۇ چاغدا بارچۇق ئارت تېكىن: «نېمىشكە شۇنچە تالاش بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئاتام ئىنىئەل تۆمۈرنىڭ گېپى ئىدىقۇت بەگلىرى ئارىسىدا غۇل-غۇلا تۇغدۇردى؟ ياكى خەلق ئاتامنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا، هاكىملىق قىلىشتا ئەۋەتىۋاتقان كەمچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدىمۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇ» - دەپ ئويلىنىپ قالدى.

دەرهەقىقەت، ئىدىقۇت ئىنىئەل تۆمۈر ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ كۆچىگە ئىشەنمىدى ۋە قوشۇنلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ غەربىي قىتانلارغا قارشىلىقسىز باش ئېگىپ، ئۇلارغا هەر يىلى ئىنتايىن كۆپ ياساق تۆلەشكە ئەهدىنامە تۈزگەن. خەلق ئىنىئەل تۆمۈرنىڭ شۇ خىل هەرىكەت پائالىيىتىگە نارازى بولۇپ: «بىز قىتانلارغا بېقىنمايمىز!» دەپ چامباشچىلار ئىسيان كۆتەرگەنىدى. بارچۇق ئارت تېكىن ئاتىسىنىڭ ئىككى يۈزلۈك مەجەز پەيلىنى بىلگەچكىمۇ ئۇنىڭ ئەل خەلقىگە ئىدىقۇت بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىچىدە سەزگەن. ئىنىئەل تۆمۈر ئىككى يۈزلۈك يالاقچىلارنى ياخشى كۆرىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق هېس-تۇيغۇغا ئىگە ئادەم بولغاچقا ئىدىقۇت تاجى-تەختىگە يېڭىۋاشتىن، يەنى ئارىغا ئارازلىق سېلىپ، ئىككىنچى خوتۇن-ئالچىسى (بېكەسى) دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلەپ، بارچۇق ئارت تېكىننى ۋارىسلىقتىن قالدۇردى. غەزەپلەنگەن بارچۇق ئارت تېكىن، بۇ تېز يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بېشىدا كىم تۇرغانلىقىنى ياخشى بىلدى...

-بۇنى قانداق چۈشەنسە بولىدۇ؟ - دېدى بارچۇق ئارت تېكىن غەزەپلىنىپ:

- بۇ سىېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس. مەن ئىدىقۇت، ئۆزەم بىلىمەن.

-ئۆگەي ئانام ئۆزگەرتتىمۇ، پىكىر ئويلىرىڭنى؟

-بەربىر ئۇ سېنىڭمۇ ئاناڭ بولىدۇ؟ - دېدى ئىنىئەل تۆمۈر...

بىر كۈنى ئىدىقۇت ئىنىئەل تۆمۈر ئوغلى بارچۇقنى ئوردىغا چاقىرتتى ۋە يالغۇز قوبۇل قىلدى.

-جانابلىرىنى يېنىمغا چاقىرتىشتىكى مەقسەت، - دېدى ئىنىئەل تۆمۈر سالقىن ۋە رەسمىي تۈسكە كىرىپ، -بېشىغا كەلگەن مۇهىم مەۋقەئە مۇلاهىزىنى بىلدۈرمەك ئىدى. بىر دەقىقە سۈكۈنتتىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى ئىنىئەل تۆمۈر. ئۇ قېلىن زەر يوتقان ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

- ئوغلۇم، بارچۇق، سىېنى هازىرچە يېڭى ۋەزىپىگە تەييارلاش پىكرىگە كەلدىم، بۇ ۋەزىپىنى مۇمكىن قەدەر چاپسان ۋە چىن قىل، سەممىيەت بىلەن قوبۇل قىلماقلىرىڭغا ئىشىنىمەن.

-قانداق ۋەزىپە ئىكەن - سورىدى ئىنىئەل تۆمۈر ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان يارچۇق بىخۇش خەۋەردىن گۇمانلانغان هالدا.

ئىدىقۇت ئىنىئەل تۆمۈر بارچۇقنىڭ

ۋەزىپىسىنى دۆلەت تەقدىرىگە چىگىپ-باغلاپ چۈشەندۈردى.

-مەن قىتان بىلەن ئەھدىنامە تۈزدۈم، ئۇنى سەن ياخشى بىلىسەن، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەر كۆپىنچە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ چوڭ پاجىئە. ساڭا ھەممىنى ئېيتالمايمۇ، يە ئېيتمايمۇ، مەيلى ئېيتسام ئېيتاي. تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئارت تېكىنگە سالقىن تىكلەندى ۋە سۆزىنى داۋام قىلىشنى توغرا كۆردى. بىراق بارچۇق ئارت تېكىن چىدالماي سورىدى.

-قانداق ۋەزىپە؟

-مەن سېنى قىتان دۆلىتىگە ئەۋەتىمەن! ئەتە ماڭىسەن!

بۇ ۋەزىپە بارچۇق ئۈچۈن ئەسلا كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەر ئىدى. شۇڭا بارچۇققا بۇ خەۋەر غەلىتە تەسىر قىلدى. ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى غەمگە تولدى. قېلىن قاشلىرى تۈرۈلدى، ئىنئەل تۆمۈرنىڭ ئالدىراپ شۇ خىل قارارغا كېلىشىگە نېمە مەجبۇرلىغىنىنى بىلىشكە ھەرىكەتلەندى.

-ئاتا، دودۇقلىدى بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

-مەن ئەلنىڭ ئاتىسى! چوڭ گەپنى قىستۇرۇپ سۆزلىدى ئىنئەل تۆمۈر، - مەن ئىدىقۇت! -تېرىكتى ئۇ.

- بۇ قارارىڭىزنىڭ ئەسلى مەناسىدىن كەمىنىلىرىنى ئاگاھلاندۇرغايلا، مەن ئۇنىڭ ئىدرەك دېرىكىدىن بىخەۋەرمەن، ئوچۇق بىلگۈم كېلىدۇ.

ئۇ ئىدىقۇتقا تىكىلىپ قارىدى.

ئىنئەل تۆمۈر بۇ قارىشىنى ياقتۇرمىدى ۋە ئورنىدىن تۇردى. كەڭ ۋە چىرايلىق ئوردا قوبۇلخانىسىدا ئۇياق-بۇياققا ماڭىشقا باشلىدى.

-بىز، يەنى مەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى، بىلمەكنى ئىستىسەڭ، ئوچۇق ئېيتاي: -سەن قىتان خانلىقىغا گۆرۈگە بارىسەن.

-گۆرۈگە؟ مەنما؟ نېمىشقا مەن ؟

ھەئە، گۆرۈگە! تەستىقلىدى يەنە سۆزىنى، - سەن بولساڭ ئۆز بالام، بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچىسى، يات كىشى گۆرۈ بولمايدۇ.

بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدىدى، بۇ ھالەتنى بايقىغان ئىدىقۇت گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

-بىلىپ قويغىن، ئىككى دۆلەت تەقدىرى ساڭا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، بالىلىق قىلما، قاچىمەن دەپ ئويلىما، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنى مەن ئويلاپ تاپمىدىم، ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا قېچىپ كەلسەڭ، بۇ يەردىمۇ كاللاڭ ئېلىنىدۇ.

-سەن شۇنداق.... قىڭغىر ئادەم! قىڭغىرنىڭ قەلبىمۇ، كۆلەڭگىسىمۇ قىڭغىر.

-بەس، بەس! - ئىنئەل تۆمۈر گۆرۈ قىلىپ باشقىسىنى ئەۋەتەلمىگەچكە، ئوغلىنىڭ بۇ سۆزى ئۈچۈن كاللىسىنى ئالالمايدۇ، بۇنى بارچۇق ئارت تېكىن روشەن سەزدى. ئەمما، ئىنئەل تۆمۈرگە قەلبىمۇ كۆلەڭگىسىمۇ قىڭغىر، دېگەن گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتتى، مۇجىدى، بىئارام قىلدى، نېمىشقىدۇ، ئەقىللىق ئوغلىنىڭ ئالدىدا، ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلىگەنلىكىنى سەزمەيمۇ قالدى.

- گۆرۈنى مەن ئويلاپ تاپمىدىم، ئوغلۇم-غەزەپلىنىپ سۆزلىدى، - مەن ئاۋۋالقى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى بىلگە تېكىن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا، بۆلەك-تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان قىتانلار يىنىسەي دەرياسى بويىدىن قېچىپ، بەشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. تۇس تايغۇ باشچىلىقىدىكى قىتانلار، ئۆزىنىڭ غەرىبكە بېرىشى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى خانلىقىنىڭ

زېمىن يېرىدىن ئۆتكەن. بۇ چاغدا تۇس تايغۇغا بىلگە تېكىن 600 ئات، 100 تۆگە، 300 قوي يوللۇق تۇتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بالىلىرى نەۋرىلىرىنى گۆرۈ سۈپىتىدە تۇس تايغۇغا قوشۇپ قويدى. بۇ ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تۇس تايغۇغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى.

-بىلگە تېكىن ئاسىي! سەن ھەم ساتقىن، قىتان ئۇيغۇرنىڭ قەست دۈشمىنى، ئامان بولسام سېنىڭدىن، قىتانلاردىن ئۆچۈمنى ئالىمەن، -ئىچ-ئىچىگە سىغمىدى.

ئىنئەل تۆمۈر سىرلىق كۈلدى:

-بەشبالىق بىلەن خوشلىشىپ كەت!- دېدى ئۇ كەسكىن.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ چوڭ ئوغلىدىن ئۈمىدىنى ئۈزنۈەتكەنلىكىنى بارچۇق بىلمىدى. بارچۇق خىتاي (قىتان) خانلىقىدا ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى روشەن تەسەۋۋۇر قىلالمىغاچقا، بەشبالىقنى ئەمدى يېنىپ كۆرەلمەيسەن دېگەن مەنانى ئۇچۇق ئۇقتۇرغان ئىنئەل تۆمۈرگە بالىلىق، ياشلىق ھېسسىياتلىرى بىلەن يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

-جېنىم ئاتا، مېنى تۇغۇلغان يېرىم بەشبالىقتىن قوغلىمىغىنا، ئۆز يۇرتۇمدىن جۇدا قىلمىغىنا.

-ھەرگىز، ئىلاجە يوق! - بېشىنى چايقاپ دېدى ئىنئەل تۆمۈر.

قارارىڭدىن قايتساڭچۇ، ئاتا! مېنى گۆرۈگە ئاپام تىرىك بولغان بولسا...مېنى گۆرۈگە، ياقا-يۇرتقا...قىتانغا ئەۋەتمەيتتىڭ، راستمۇ؟ راستمۇ؟ نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟

-راست، بىراق ئاناڭ تىرىلمەيدۇ، مېنىڭ ئىشىم تىرىك ئاناڭدا بولىۋاتىدۇ... ئۇ راست گەپنى دېدى.

شاھزادە بارچۇق بىر ئازدىن كېيىن يەنە خۇددى ۋۇجۇدىغا يېگىۋاشتىن كۈچ-قۇۋۋەت تولغاندەك، قورقماي مەغرۇر سۆزلىدى.

-مەن قەيەردە بولاي مەيلى، ھەقىقەتنى ھىمايە قىلىمەن! كۈرەش قىلغىنىم قىلغان! ئىنتىقام ئېلىشقا ھەرىكەتنى كۈچەيتىمەن. سەن ھەم ساتقۇن! قەلبىمدە بىگانە ئادەمسەن. - بارچۇق ئارت تېكىن قەتئىيلىك بىلەن ئىنئەل تۆمۈرنىڭ يۈزىگە قارىدى.

ئىنئەل تۆمۈر نېمىشقىدۇ، ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىك قارالماي، يەردىن كۆزىنى ئالماي ئاززاق جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ ئوغلىغا ئوچۇق رەنجىپمۇ كەتمىدى، ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك بىغەملىك ھالىتىنى سەزدۈردى.

-قىتانغا سەندىن ئۆزگە ھېچكىم بارمايدۇ، - دەپ ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئىنئەل تۆمۈر چوڭ سارايىنىڭ يەنە بىر بۆلمىسىگە كىرىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى.

شۇ كۈنى ياخشى قۇراللانغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ كۆپ سانلىق ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بارچۇق ئارت تېكىننى غەربىي قىتان دۆلىتىگە ئېلىپ ماڭدى...

بارچۇق ئارت تېكىننىڭ قىتان ھەققىدە بىلگەنلىرى: قىتان كۆچمەن خەلق ئىكەن. شەرقىي قىتانلار سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار قىپتۇ. سۇڭ سۇلالىسى قىتانلارغا ھەر يىلى يۈز مىڭ سەر كۆمۈش، ئىككى يۈز مىڭ توپ يىپەك مال ياساق تۆلىگەن. شەرقىي قىتانلار ئامۇر-سۇنغارى دەرياسى بويلىرىدا ياشايدىغان نۇجىن قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغان. جورجىت بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئىتتىپاق بولۇپ، شەرقىي قىتاننى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. 210 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەرقىي قىتان دۆلىتى تارمار بوپتۇ. شەرقىي قىتان شاھزادىسى تۇس تايغۇ بولسا، بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربكە قاچقان.

تۇس تايغۇ موڭغۇلدىكى خاتۇنبالىققا يەنى ئۇيغۇر-ئورقۇن قاغانلىقىنىڭ مۇھىم شەھىرىگە كەلگەن. ئۇ ئۆزىنى قىتان پادىشاھى دەپ جاكارلىغان. ئاندىن سوكۇلداپ يەنىسەي دەرياسى بويىغا بارغان. ئۇ يەردە قىرغىزلاردىن تاياق يېگەن. تۇس تايغۇ يەنە قېچىپ بەشبالىق ئەتراپىغا كەلگەن. بىلگە تېكىن گۆرۈگە نەۋرىسىنى قوشۇپ قويغان. تۇس تايغۇ ئاز سانلىق قوشۇنى بىلەن، غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغان، كۈچ توپلىغان، شەرقىي قاراخانىلارنىڭ قاغانى قارلۇقلار ئىسيانىنى باستۇرۇشقا تۇس تايغۇدىن ياردەم سورىغان. ئىبراھىمخاندىن كۆرە، قۇۋ ۋە مەككار ئىكەن. قارلۇقلار ئىسيانىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلىپ بالاساغۇن بىلەن كاشغەرنى بېسىۋالغان. شەرقىي قاراخانىلار بولسا، قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. تۇس تايغۇ سەمەرقەنت، بۇخارا ئارىسىدىكى «قەتۋان» چۆلىدە غەربىي قاراخانىلار بىلەن سالجۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى بىت-چىت قىلغان. تۇس تايغۇ «غەربىي قىتان خانلىقى» ناملىق دۆلەتنى قۇرغانىكەن.

بارچۇق ئارت تېكىن قىتانىنىڭ جەڭ ۋە جازا يۈرۈشلىرىنى مانا شۇنداق ياخشى بىلگەندىن كېيىن: «قىتان تەلەيلىك دۆلەت ئىكەن. سوڭ سۇلالىسىدا بىرلىك يوق ئىكەن. شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىدا ھەم ئىتتىپاق يوق ئىكەن....ئۇيغۇر بوزەك بولىۋېرىپتۇ....تۇس تايغۇنىڭ يىلتىزىنى قىيىش كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

شاھزادە بارچۇق ئارت تېكىن ھە دەپلا، قىتان تىڭتىڭلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن كۈچلۈك نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. شاھزادىنىڭ قۇرسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولغىنى بىلەن، كۆڭلى يېرىم، مىسكىن ۋە روھى چۈشكۈنلۈك ھالىتىدە يۈردى. خاقان تۇس تايغۇ ئىنتايىن قۇۋ ۋە مەككار، ھەسەتخور ئادەم. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە دائىم ھۇشيار ۋە تەشۋىش ئىچىدە ياشايتتى. بۇ قېتىمقى تەشۋىشى شاھزادە بارچۇقنىڭ گۆرۈ بولۇپ كېلىشىدە ئىدى. تۇس تايغۇ ئىنىئەل تۆمۈرنىڭ بارچۇقنى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى تەختىدە ئولتۇرىدۇ دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى مانا ئىنىئەل تۆمۈر بارچۇقنى گۆرۈگە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاددىي يىگىت ئەمەس. ئوي-پاراستى روشەن ئىكەنلىكىگە ئىشەنچى كامىل بولدى. شاھزادە قىتان ھەققىدە ھەممىنى بىلىشكە قالدۇرۇلغانلىقى، تۇس تايغۇغا مەلۇم. ئۇ گۆرۈ بارچۇقنى، قىتانلىقلارغا: بۇ گۆرۈ بارچۇقنى تونۇۋېلىڭلار! بىز بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئىدىقۇتقا قاچسا ماڭا تۇتۇپ ئەكىلىڭلار!» دەپ ئۇچۇق ئاگاھلاندۇرغان. شۇنداق قىلىپ خان بارچۇقنىڭ پۇت-قولىغا كىشەن سالغانلىقى بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ئەمما، تۇس تايغۇ بارچۇقنى قاچۇرۇپ قويسىچۇ؟ قىتان ئىدىقۇتقا جازا يۈرۈشىنى قىلالامدۇ؟ شۈبھىسىز جەڭ قىلىدۇ. ئىدىقۇتنىڭ قوشۇنلىرى قانچە؟ قۇرال-ياراق كۈچى نېمىدىن ئىبارەت؟ بىلىپ قويغان ياخشى. تىڭ-تىڭلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۇقۇش لازىم دېگەن ئويغا كېلىپ ئاگلىق ھەرىكەت باشلىۋەتكەنىدى. بىراق ئۇنىڭ يۈرەك قەلبىنى گۇمان ۋە تەشۋىش ھېسلىرى مەھكەم ئورىۋالغاچقا، كېچە-يۇ-كۈندۈز بىئارام ياشىدى.

بارچۇق تۇس تايغۇنىڭ چۈشىگە ئوت-يولۋاز بولۇپ كىردى. قۇم-بوران ئۇنى كۆمەتتى. ئاسماندا قۇياش كۆرۈنمەيتتى. ئاي تۇتۇلۇپ دۇنيا دەھشەتلىك ھەسرەت-قايغۇغا چۆكەتتى.

تۇس تايغۇ ئويغىنىپ:... «بۇ قانداق چۈش؟» دەپ ئۆزىگە ئاستا پىچىرلاپ

قويدى....

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتتى. بارچۇق ھەممىنى بىلدى، ھەممىنى ئۆگەندى، قىتانغا دېگەن غەزەپ ـ نەپرىتى ئويغاندى. «بۇ دوست دۆلەت ئەمەس، بىرىسەن، ئالىمەن! دېگەن ئەجدىھا خانلىق ئىكەن. ئۇيغۇرنىڭ بايلىقى قىتاننىڭ شانۇ ـ شۆھرىتى، كۈچى ۋە قۇۋۋىتى ئىكەن. بۇ خەلق راسا سەمرىپتۇ، غەزىنىسى بايلىققا توشۇپتۇ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى ئۈچۈن مۇنداق مۇستەقىللىقنىڭ ئانىسىغا مىلىڭ....»

«مەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنى مىرزا قاماقتىن ئازاد قىلىمەن! ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولۇمغا ئالىمەن»، دەپ قەسەمياد قىلغانىدى ئۇ. ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈر بولسا گۆرۈدىكى ئوغلى بارچۇقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تامامەن ئۇنتۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بارچۇققا دېگەن ئاتىلىق مېھىر ـ شەپقەت، ئىنساني ھېسسىياتلىرى تۈگىگەن. ئوغلىنى ئۇ تۇرپانغا، بەشبالىققا تىرىك كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ جەسىدى قىتان زېمىنىگە دەپنە قىلىنىدۇ، دەپ خاتىرجەم ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنى باشقۇرۇپ يۈرىۋەردى. ئىنئەل تۆمۈرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغانلىقى بىلەن كىچىك ۋە ياش ئايالى بەك خوشال بولۇپ، بىر كېچە ئېرىنى قوينىغا ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم ھىيلە ـ مىكرىنى ئويناتتى.

ـ تەڭرىقۇت ئىگەم، ـ دەپ ئىسسىق لەۋلىرىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ، تەڭرىقۇت كۆزىنى يۇمۇپ تىڭشىدى.

ـ ئوردا ئەمەلدارلىرى تارقان بىلگە بۇقا، تورا قايا، بۇلاد قايا، ۋە توققۇز تارقانلار سىلىگە قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ـ دېدى. توغماتەن ئېرىنى ئىسسىق باغرىغا بېسىۋېلىپ، ئالچىسىنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، سىلىق ۋە بوش ئىدى.

ـ نېمە دەيدىغانسەن، قورقۇپ چۆچۈپ كەتتى ئىنئەل تۆمۈر، ھەسەلدەك چاپلاشقان خوتۇن ـ ئالچىسىنى نېرى ئىتتىرىپ.

ـ كىم ئېيتتى؟ بىلگۈم كېلىدۇ؟

ـ ئۆزلىرىنىڭ جان كۆيەر قېرىندىشى.

ـ يانغۇن تارمۇ؟

ـ ھە، شۇ. خەلق رايىنى سىناش ئەمەلدارى بىلىدىكەن.

ـ بۇ گەپ قاچان يۈز بەردى؟

ـ سىلى ئوۋ ـ ئوۋلاشقا كەتكەن كۈنى. مېنىڭ پىكرىمگە قۇلاق سالسىڭىزچۇ.

ـ ئېيت.

ـ ئەقىللىق ئادەملەرنى قەپەزدە تۇتۇش لازىم. ھەممە قالايمىقانچىلىقنىڭ بېشىدا، ئەشۇ تورا قايا، بۇلاد قايا، تارقان بىلگە بۇقالار تۇرىدۇ. خائىن ـ ساتقۇنلاردىن دۆلەتنى تازىلىماق مۇھىم ئىش.

ـ ئويلىنىش كېرەك!

ـ ئىنئەل تۆمۈر بىردىن ھەرىكەت قىلىمەن، دەپ ۋەدە قەسەم قىلالمىدى. ـ ئۇلارسىز...دۆلەت مەسلىھەتچىلىرى، خەلق بولىدىغۇ.

ـ سىلى ئويلانغىچە ھوقۇقتىن مەھرۇم بولىدىلا، ئۆزلىرىنى ئۇلار ئايىمايدۇ. مېنىمۇ ئايىمايدۇ. پەيلى بۇزۇق، كۈچ سىلىنىڭ قوللىرىدا، بارچۇق تۇسلۇك ئاتىتەك ئىدى، ئەنە ـ قىتاندا، سىلىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. قورقۇتۇپ تۇتۇش مۇھىم، قاراڭ «تۇرپانىدىكى خەير ئېھسان ئىبادەتخانىسىدا راھىپلار قوزغىلىپتۇ. ئاستانە قەبرىستانلىقىغا باشقا بۇدخانىلاردىن بۇددا كۆتىرىپ كەلگەن ۋە ئۇ يەردە راھىپلارنى ئاڭلىدىلا! ئىككى يۈز مىڭ راھىب ئاچارچىلىق ئېلان قىلىپ: «ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈر يوقالسۇن!» دەپ داۋراڭ سېلىش تاپتىن چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. چېگرا ساقلاۋاتقان ئاز سانلىق قوشۇن: « قىتانلارغا

ئۆلۈم» دەپ ۋاقىراشقان ئوخشايدۇ. مانا يېقىندا، بەشبالىقنىڭ ئۆزىدىلا گۇماتى ئىبادەتخانىسىدىمۇ راھىپلار: «قىتانلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز»، دەپ نامايىش قىلغانمىش، بۇ سىلىگە بولغان سۈيقەستلىك بولماي نېمە؟ بۇ قالايمىقانچىلىقنى، ئەلۋەتتە تورا قايا، بۇلاد قايا، تارقان بىلگە بۇقالار ئۇيۇشتۇرىۋاتىدۇ....

ئىنئەل تۆمۈر ئەقىللىقلارنى تېزلا قاماققا ئالدى. پېيىغا چۈشتى. نامايىشچىلار ئىنئەل تۆمۈرنىڭ قىلىچ نەيزىسىدىن، جەڭچى ئاتلىرى تۇياقلىرىدىن ھەم قورقمىدى، ئەمما ئىدىقۇتلارنىڭ قېنى ئېرىق سۈيىدەك ئاقتى، جەسەتلەر چىگىچ ئاغامچىدەك ياتاتتى. كۆپ ئادەم جاي-جايلاردا دارغا ئېسىلدى.

قويدەك يۇۋاش ۋە رايىش ئىدىقۇت خەلقىنى غۇلغۇلىغا سالغان، ئېزىقتۇرغان ئادەملەرنى ئىزدەش، گۇمانلىنىش، تەپتىلەش ئىش-ھەرىكەتلىرى جانلىنىپ كەتتى. ئىنئەل تۆمۈر شەخسىي قوشۇنى بىلەن تارقان بىلگە بۇقا، تورا قايا، بۇلاد قايا، كەبى ئۇلۇغ قول، سول قول مەسلىھەتچىلىرىنى تۇتۇپ، ئوردا ئالدىغا ھەيدەپ ئەكەلدۈردى. ھەممە ئەيىپنى شۇ خەلق سۆيگەن بىلگە-ئەقىللىقلارغا ئارتىپ، خەلق ئالدىدا پۇت-قوللىرىغا كىشەن سېلىپ، باغلاپ، ماتاپ، قاماققا سولىدى. زىندان بېگىگە جېكىپ: «ئاچ تۇتۇڭلار! ئاچتىن ئۆلسۇن» ، دېگەن ئىدى ئىنئەل تۆمۈر.

شۇ چاغدا تورا قايا جازادىن ، ئۆلۈمدىن قورقماي:

-مەن ئىدىقۇت جەڭچى قوشۇنلىرى سەردارى، قىتان-قارا قىتانلارغا بۇنىڭدىن كېيىن باش ئەگمەيمىز! سېلىق تۆلىمەيمىز! قانغا قان، جانغا جان قەسەمياد! قەسەمياد!

بارچۇققا شان-شەرەپ! باتۇر تەگرىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى پادىشاھسى بولسۇن! - دەپ خەلق ئالدىدا سۆزلىگەنىدى... كېيىن ئىدىقۇتتا بولىۋاتقان قالايمىقانچىلىقتىن، قىتانلارمۇ ۋاقىپ بولدى، بارچۇقمۇ ئاڭلاپ تەۋرىنىپ كەتتى.

بارچۇق ئارت تېكىن ئىدىقۇتنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرى تورا قايا، بۇلاد قايا، تارقان بىلگە بۇقالارنى تېز ئازاد قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى. بۇنىڭ يولى بىر-بارچۇقنىڭ قىتاندىن قېچىشىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سەزگۈر بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئەمدى ئاۋۋالقىدەك قىتان يېرىدە ئەركىن يۈرۈشى چەكلىنىپ، پېيىغا چۈشكەن، چۈشىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇشتۇمتۇت ھالەتتە بېشى تېنىدىن جۇدا بولىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ئوچۇق سەزگەنىدى.

-قېچىش! قېچىش! قېچىش كېرەك! دەيتتى ئۇ.

بارچۇق ئارت تېكىننىڭ كېچىسى ئۇيقۇسى، كۈندۈزى ئارامى بۇزۇلدى. ئۆز بېشىدا تۇرغان ئېغىر پاجىەلىك ئەھۋالنىڭ پات يېقىندا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ چارىسىنى ئويلىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىمۇ بارچۇقنى ناھايىتى زور ئوي-تەشۋىشلەرگە سالدى، قەلبىنى ناھايىتى چوڭقۇر تىترىتىۋەتتى.

-تېز! تېز! ناھايىتى چاپسان! ھەرىكەت قىلىش كېرەك!

-ھەرىكەت! - ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ ئاستا چىقىۋاتماقتا ئىدى. -ئۇيغۇر قىتان بىر-بىرىگە ئەمدى دۈشمەن... قېچىش ۋەزىيىتى قاچان بولار؟ ... بارچۇق ۋەزىيەتنى كۈتتى. ئەمما تەلەيگە يارىشا قىتان

كۈزەتچىلىرى بارچۇقنى ئانچىلا قورۇمىغان بىر پەيت ئىدى. قىتان خانى ئىدىقۇتتىكى قوزغىلاڭنى ئاڭلاپ «ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشى، بىز ئەھدىنامىنى چىڭ تۇتىمىز، گۆرۈ يىگىت بارچۇق ئارت تېكىن بار. ئەھدىنامىمۇ ئۆز كۈچىدە»، دەپ گۆرۈ يىگىتنىڭ خۇي-پەيلىنىڭ جىددىي ئۆزگەرگەنلىكىنى سەزمەي ۋە ئۇنداق بولىدۇ، مۇنداق بولىدۇ دەپ گۇمانلانماي، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ يۈرۈۋەردى. قىتان خانىنىڭ خاتىرجەملىكىدىن بارچۇق ئارت تېكىن پايدىلاندى. پىيادە قايتسا ئىتتەك تىمىسقىلاپ تېپىۋالىدۇ. بارچۇق ئارت تېكىن مۇنداق قېچىشتىن ۋاز كەچتى. «ئات بىلەن قېچىش مۇھىم، ئىشەنچىلىك، يۈگۈرۈك ئات، تۇلپار ئاتنى نەدىن تاپىمەن؟ بىر تۇلپار بار. ئۇ ئىنىئەل تۆمۈر تۇس تايغۇغا ھەدىيە-سوۋغا قىلغان، ئىدىقۇتنىڭ ئاق قاشقا ئېتى، ئۇ ئاتنى قىتان خانى كۆز قارچۇقىدەك ساقلايدىغانلىقىنى بارچۇق ئارت تېكىن ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنى ئالاھىدە بېقىپ، قارايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بارچۇق ئارت تېكىن باشقا ئاتلارغا مىنىپ قېچىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. شۇ ئىدىقۇتتىن يەنى بەشبالىقتىن، ئۆز يۇرتىدىن كەلگەن ئاق قاشقا تۇلپار ئاتقا ناھايىتى چوڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىدى.

بارچۇق ئارت تېكىن ئات قوروسىنىڭ قېشىغا ئاستا بېسىپ مۆكۈنۈپ كەلدى-دە قىلىچ تۇتقان كۈزەتچىلەرنىڭ ئۈچىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى. قىلىچلارنى ئېلىپ ئاتنى ئېغىلدىن ئاستا يېتەكلەپ چىقتى-دە، ئەتراپىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ، ئاتنىڭ بوينىنى، باش، كۆزىنى سىپىدى ۋە :

-بىر ساڭا ئىشىنىمەن دۇلدۇلۇم. بىر ساڭا ئىشىنىمەن تۇلپارىم! ئىككىمىز يۇرتىمىز بەشبالىققا قاچىمىز! ئاڭلاۋاتامسەن!- دەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى. ئۇ يەنە ئەتراپقا سەپسالدى. ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. بارچۇق ئارت تېكىن ئاتقا چاققانلىق بىلەن مىنىپ قاچتى. ئەتىسى قىتانلىقلار ئۇنى قوغلىدى. ئىزدەشتۈردى، زادى تاپالمىدى. ئۇ خەتەرلىك ۋە دەھشەتلىك قوملۇقلاردىن چاققانلىق بىلەن ئۆتۈپ، سۇسىز چۆل باياۋاندىن چىقىپ، ئۇيۇققا تۇتىشىپ تۇرىدىغان ياپ-يېشىل ئوت-چۆپلۈك، يېشىلزارلىق، دالا تۈزلەڭلىكلەردىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ پايتەختى قوچو-تۇرپان شەھىرىگىمۇ يېتىپ كەلدى. بارچۇق ئارت تېكىن تۇرپاندىكى خەيرى-ئېھسان تىلاۋەت ئىبادەتخانىسىغا راھىپ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ كىردى ۋە بۇددا تەگرىقۇتى، پىر ئۇستازى ئاتاي سالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، تازىم قىلدى ۋە «مەن بارچۇق ئارت تېكىن بولىمەن!! قىتاندىن قېچىپ كەلدىم، مېنى يوشۇرغىن!» دېدى. بۇ چاغدا ئاتاي سالى رەھبەرلىكىدە تۇرپان راھىپلىرى «قىتانغا جازا!» دەپ قوزغىلاڭ قىلغان. بارچۇقنىڭ ئاجايىپ ھوشيار، قەيسەرلىكىنى كۆرگەن بۇددا پىر ئۇستازى، تەگرىقۇت ئاتاي سالى بارچۇق ئارت تېكىنگە قايىل بولدى.

-ھوششەرە ئوغلۇم، ئەل سېنى كۈتىۋاتىدۇ، ئىدىقۇتنى ئۆز قولۇڭغا ئال! مەن سېنى بۇدخانىدا ساقلايمەن. تۇرپاندا چوڭ جەڭ قوشۇنلىرىنى تەشكىللەش لازىم، - دېدى خۇشاللىق بىلەن، - قىتان سېنى قاچۇرۇپ قويۇپ، قول قوشتۇرۇپ تېنچ ياتماس، مېنىڭ راھىپلىرىم چوڭ كۈچ، ئۇلارنىڭ قولىدا قورال بار. ھەربىي مەشق ئۆتكۈزگىن.

تۇس تايغۇنىڭ ئىدىقۇتتىكى چوڭ نازارەتچىسى شايكىم ھەم ئاڭلىغان بولسا....

-ئازراق سوكۇت ساقلىدى.

ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى تەشۋىشلىك

ئىدى. - ھەممىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك مۇھىم.... - شاھزادە، سىنىڭ ئاتاڭ ئىنئەل تۆمۈر ھازىر - بەشبالىقتا بۇددا سەيلىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. سىنىڭ بېشىڭدا خەتەر بولۇتى تۇرىدۇ. ئىنئەل تۆمۈر سىنىڭ تاجۇ-تەختىنى تالىشىدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ.

-ئۇڭ قول تارقانى كىم ؟ - دەپ سورىدى بارچۇق ئارت تېكىن ئاتاي سالىدىن.

-ئۆز يېقىنى، - دەپ جاۋاب بەردى پىر ئۇستازى.

- ئەل راينىي سىناش ئەمەلدارىنى دېمەكچىمۇسىز؟

-ھەئە شۇنداق شاھزادەم. يانغۇنتار تارقان. ئىدىقۇتتا يانغۇنتارنىڭ ھوقۇقى كەڭ. خەلق مەخپىيىتىنى ئويلىغان ئالىي روھلۇق، پاك ۋىجدانلىق، زاتى ئالىي ئىنسانلار زىندانىدا ياتىدۇ. ئەمدىكى نۆۋەت سىنى تۇتۇشتۇر.

بارچۇق ئارت تېكىن ئويلىنىپ قالدى. ئاتاي سالى بارچۇق ئارت تېكىنگە ئىدىقۇتتا ئۇ كېتىپ يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلارنى ئېيتىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. ھەر ھالدا بارچۇق ئارت تېكىن تەرىپىدىن تۇرپاندا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان لەشكەر-قوشۇنلار كۈچ بورىنى ئارقىلىق ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈرنى تەختتىن ئۆرۈپ چۈشۈرۈش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى روشەن سەزگەچكە ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىغان ھالدا، ئاتاي سالى يەنە قانداقتۇ بىگۇنا خەلقنىڭ قان تۆكۈشىنى خالىمايدىغانلىقىنى شاھزادىمۇ سەزگەن ۋە ئېھتىيات قىلىش ئوخشاش ھېسسىياتلىرىمۇ قوزغالغانىدى.

ئاتاي سالى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ھېچنىمىدىن قايتمايدىغان قىلىچىنى قىنىغا سېلىشقا ئالدىرىمايدىغان باتۇر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە يەنە ئاگاھلاندۇردى:

-بىھۇدە قان تۆكۈش، يۇرتنى پارچىلىماقتىن ئارتۇق گۇناھ يوق.

بارچۇق ئارت تېكىن بۇ ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇشنى توغرا چۈشەندى.

-ئاتامنىڭ خەلق ئىچىدە ھۆرمەت-ئىززىتى قانداق؟ - دەپ جىددىي سورىدى.

-خەلققە قۇلاق سالىسىڭىز شىكايەتلەرگە پېتىپ قالىسىز. خەلق پادىشاھنىڭ يېڭى ئەمەلدارلىرىغا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ. سەن كېتىپ شۇنداق بولدى.

-خەلق خاتا قىلمايدۇ، - قوللىدى شاھزادە...- ئۇلانغا ھېچكىم ئۆز كۆكسىدىن جان بەرمەس.

-ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ سابىق ۋە سادىق خىزمەتكارلىرى... ئۇلارنىڭ شانۇ-شۆھرىتىنى، ئەل ئىچىدىكى قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلىش ياخشى ئەمەس، شاھزادەم، سەن خەلق ئوغلىسەن! شاھزادەم سەن خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىسەن. لەشكەر ۋە نۆۋكەرلەرنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئىنتىزامغا ئۆگىتىپ يۇرتنىڭ تېنچلىقى ئۈچۈن چوڭ غەيرەت ۋە ھىممىتىڭنى ھېچ ئايىمايسەن. بۇ پىكرىمنى ماقۇل تاپارسەنمۇ؟

-ئەلگە خىزمەت قىلماق بۇرچىمىزدۇر. سىنىڭ ئىشەنچەڭنى ئاقلايمەن - دېدى بارچۇق ئارت تېكىن، - تورا قايا، بۇلاد قايا، تارقان بىلگە بۇقانى ئازاد قىلىمەن.

-ھە، سىنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىڭنى بىلەتتىم، شاھزادەم، قانداق قۇتۇلدۇرىسەن؟ ئەقلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ!

-ئەقىل ۋە ئىنساپ بىلەن ھەل قىلىمەن.

ئاتاي سالى بىلەن ئىللىق، سەممىي، مەزمۇنلۇق سۆھبەت، ئىچ سىر ئېلىشىش مۇشۇ گەپتىن كېيىن چىپلا توختىدى.

شاھزادە بارچۇق ئارت تېكىن تۇرپاندا بىر ئاي ئىچىدىلا يېڭى تەشكىل قىلغان لەشكەر، قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سادىق يىگىتلەر

دەپ ئىشىنىپ كەتمىدى، بۇ ھالەت ھەربىي مەشىق جەريانىدا ئېنىق بولدى. بۇ ئەلۋەتتە شاھزادىنى جىددىي تەشۋىشلەندۈردى.

«بارچۇق ئارت تېكىن قاچقۇن! ئىككى دۆلەتنى سوقۇشتۇرۇپ قويدى. ئاتىسىدىن ئىدىقۇت تاجى-تەختىنى تارتىۋالارمىش! قىتانغا قارشى تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىخۇد شاھزادە پادىشاھ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتتى. تولا ئىشىنىپ كەتمەڭلىرا» دېگەن زۇغۇيلۇق ۋە زەھەرلىك گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن. شاھزادىنىڭ غەزىپى قايىنىدى. مەشىق قىلدۇرۇپ ئۇرۇش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋاتقان ئىدىقۇت جەڭچىلىرىگە مۇنداق دېدى:

-كىم ماڭا ئىشەنمەيدۇ؟ - دەپ جەڭچىلەرنى بىر سەپكە تىزىپ قويۇپ جىددىي سورىدى.

-مەن دەپ بىر جەڭچى سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. -مەن ساڭا، شاھزادەم ئىشەنمەيمەن!

بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ چىرايى ئۆزگەرمىدى.

-يەنە كىم ئىشەنمەيدۇ؟

ھەممە شۈك تۇردى.

بارچۇق ئوقيانى قولىغا ئېلىپ دېدى:

- مۇشۇ ئوقيارىمنى كىمگە ۋە نېمىگە قارىتىپ ئاتسام، سىلەرمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي شۇ نەرسىگە نىشانلاپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈڭلار.

بۇ سىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىڭلار دەپ چۈشىنىمەن.

شاھزادە بارچۇق ئارت تېكىن ئاتاي سالى مىنگۈزۈپ قويغان تۇلپار ئاتقا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزدى.

ئەمدى سەنچۇ؟ نېمىشكە قاراپ تۇرىسەن؟ - دەپ ۋاقىرىدى بارچۇق ئارت تېكىن، سەن نېمىشكە ئاتمايسەن؟ - دېدى ھېلىقى ئىشەنمەيمەن دېگەن جەڭچىگە. ئۇ بۇ ئاتقا قارىتىپ ئوقيا ئۈزۈلمىدى ۋە قىيالمىدى. بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىغان يالغۇز قوشۇن ئەزاسىنىڭ بېشىنى غىلاپ قىنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، يىقىن كېلىپ چېپىپ يەرگە دومىلاتتى.

-تارقاڭلار! ئەتە يەنە يارغولغا بېرىپ، يارغول بويىچە ئوقيا ئېتىش مەشىقىنى داۋاملاشتۇرىمىز، - دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، - بۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇقنى ئورۇنلىماي، خىلاپلىق قىلىدىغانلارنىڭ تەقدىرى، ئەنە شۇ ئۆلۈم! - دەپ قەتئىي ۋە كەسكىن ئېيتتى.

-ئورۇنلايمىز! پەرمانلىرىنى ئورۇنلايمىز! - دېدى.

شاھزادە بارچۇق ئارت تېكىن تەڭرى (تاغ) ئېتىكىدە مەشىق ئۆتكۈزگەندى. ئۇنىڭ ئالدىغا مىنىدىغان يەنە باشقا ئات ئەكەلدى. شاھزادە بارچۇق ئاتقا مىنمىدى. ئۇ كۆن ئۆتۈكى بىلەن تاش ۋە قۇملارنى دەسسەپ، ئۆزىنى جىددىي ۋە مەغرۇر تۇتۇپ، دادىل قەدەم بىلەن تۇرپانغا قاراپ ماڭدى. يولدا ئۇ كارىزلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، مۇزدەك ۋە سۈزۈك سۇدىن يۈرىكى قانغىدەك ئىچتى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىپ يولىنى يەنە داۋام قىلدى...

تۇرپاندا بىر ئاي شامال چىقىپ، تاڭ سەھەردە توختىغان. شەھەر تەبىئەت ئاپىتىدىن قۇتۇلدى، ئىدىقۇتلۇقلار ئاستا-ئاستا گەمىلەردىن چىقىپ، ئىشىك-دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئۆيلىرىگە بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ، خوشال - خوراملىق بىلەن ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىپ كىرمەكتە. بارچۇقمۇ گەمىدىن ئاستا تالاغا چىققان. مۇقەددەس تۇرپان، ئاستانە، قاراقوچو شەھەرلىرى تاڭ نۇرىدا تاۋلىنىپ، بولەكچىلا چىرايلىق كۆرۈندى. تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە

ۋاڭىلداپ ئۇچقان، ئۇينىغان قۇم بېسىلىپ، قۇياش نۇرىنى ئىمىپ، تېپتېنچ ئۇخلاپ ياتقاندەك سېزىلەتتى. چىڭقى چۈشتە بولسا، يەر-جاھان ئوت-چوغ بولۇپ، كەنتتە، تەگرىتاغ يالقۇنتاغقا ئايلىنىپ، قۇم بەئەينى چوغ-قوقاچتەك بولۇپ يېنىپ كەتتى. بۇ تۇرپان ئىدىقۇتىدا بولىدىغان ناھايىتى ئىسسىق كۈنلەرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا، ئاتاي سالى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپ-دۈپ ئۇرۇپ، ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ، نەپىسىنى بوغۇۋاتقانلىقى چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن، قىزارغان يۈزىدىن، قول-بارماقلىرىدىن ھەرىكىتىدىن بايقىلاتتى. بارچۇق ئارت تېكىن ئۇنى ئىللىق سالام بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئەتىگەندە، خەيرى-ئېھسان تىلاۋەت ئىبادەتخانىسىنى تاشلاپ، بۇ يەرگە كېلىشى بىھۇدە ئەمەسلىكىنى دەررۇ سەزدى، تېز بىلىشكە، ئاڭلاشقا ئالدىرىدى.

-شاھزادەم! شاھزادەم!- دەپ ئەتراپىغا يېنىپ-يېنىپ قارىدى، قوشۇن لەشكىرى بىلەن بەشبالىقتىن كەپتۇ.

-كىم، ئۇ؟ - سورىدى قاپىقى تۈرۈلۈپ، جىددىي تۈسكە كىرگەن بارچۇق ئارت تېكىن، - مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن، ئېيت، كىم ئىكەن ئۇ؟

- يېڭى باش تارقان يانغۇنتار!

بارچۇق ئارت تېكىن ئەتراپقا پەرىشان باقتى.

-قەبى ۋاقىئە ئىكەن! - دېدى بارچۇق ئاتاي سالىگە:

-ھېسداشلىق بىلدۈرگىنىڭگە مەمنۇنمەن، پىر ئۇستاز. - ساڭا ئېيتار گېپىم بار.

-خوش شاھزادەم! - ئۇ ئاستا ئۆزىنى باستى.

يەڭ ئىچىدە خەنجەر ساقلىغان كىشى، - دەپ چىدىماي ئاگاھلاندۇردى.

-دېمەك، - دەپ ئويلاندى شاھزادە، سەۋرلىك بىلەن، - بۇ يەردە تىڭتىڭلىغۇچىلار باردە! مېنىڭ كەلگىنىمنى، قوشۇن تەربىيىلەۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپتۇ-دە!

-ئەلۋەتتە، شاھزادەم، ئاڭلايدۇ، ئىنئەل تۆمۈر زات ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلغانلار بار، يانغۇنتار، سېنى، مۇھتەرەم، شاھزادەم، ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ يە پۇت-قولۇڭغا كىشەن سېلىپ ھابداپ ئەكىتەرمۇ؟ سېنى ئەكەتسە كېيىن مېنى ھەم ئاپىرىپ دارغا ئاسىدۇ تايىنلىق.

بارچۇق ئۆزىنى تۇتۇپ، ئاتاي سالىغا دېدى.

-پىر ئۇستازىم، سەۋر قىلغىن!

-يېڭى ئەسكەرلەر ساڭا تولۇق باش ئەگمىدى، بىلىمەن.

-پىر ئۇستاز، مەن ھەممىنى سېزىمەن، لەشكەرنى ئاخىرى باش ئەگدۈرىمەن. ھازىر ئۇلار مېنى، مەن ئۇلارنى سىناۋاتىمىز.

-خوش! نېمە قىلىسەن؟ - دەپ ئاتاي سالى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى ۋە قولىنى قوشتۇرۇپ تىڭشىدى.

-سەن خەيرى-ئېھسان تىلاۋەت ئىبادەتخاناڭغا بار. مېنى سورىسا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، يارغولغا مەشق قىلىشقا كېتىپ قاپتۇ دېگىن! يانغۇنتار، خالىسا مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، شۇنداق دەپ ئېيت.

-ماقۇل، ئېيتسام ئېيتاي! - دەپ ئۇ يېنىپ كەتتى.

بارچۇق ئارت تېكىن تۇرپان ئىدىقۇت قورغان سېپىلىدىن نېرىسىدا باغلىرى ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك بىلەن تولغان بىر ئۆيدە تۇراتتى. شاھزادە ئۇ يەردە ئۈستىگە يېڭى ساۋۇت، بېشىغا دوبۇلغا كىيدى. ئاتاي سالى

ھەدىيە قىلغان قىپنى ئالتۇن ۋە رەڭمۇـ رەڭ قىممەت باھا تاشلار بىلەن ئىشلەنگەن، ئاجايىپ نەپىس سەنئەت نەمۇنىسى بىلەن ياسالغان قىلىچىنى تاقىدى. يەنە شۇنداق چىرايلىق ياسالغان ساداغىنى ئاستى. ئوقيارىنى تاقىدى. قەدەملىرىنى تېتىك بېسىپ ھويلىغا چىقتى ۋە ئېتىغا مىندى. ئۇ قۇتتاغ ئېتىكىدىكى ئىبادەتخانا خارابىلىرىدا، قۇم ـ تاغدا، كارىز بويلىرىدا، بۇددا غارلىرى ئاستىدىكى دەريا بويلىرىدا چېدىر تىكىپ ياتقان لەشكەرلەرنى يىغىپ يارغولغا باشلاپ ئېلىپ كەلدى.

شاھزادە لەشكەرلەرنى بۈگۈن يەنە سىناپ باقتى. يارغول ئاستىدىكى چوڭ دەريا بويىچە، چاتقاللىقلاردا، غار ئۈستىدە، شاھزادە تەشكىللىگەن ئىدىقۇت قوشۇنلىرى ئۆزئارا قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق مەشىقلىرىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇلار ئاتلىرىدىن يەرگە چۈشۈپ، چامباشلىق مەشىقىنى ئۆتىگەندە، بۇ يەرگە ئازلا لەشكىرى بىلەن ئىنئەل تۆمۈرنىڭ ئوڭ قولى يانغونتار تارقانى يېتىپ كەلدى.

ـ ئىدىقۇت لەشكەرلىرى، مەشىقنى توختىتىڭلار، ھەممىڭلار چاتقاللىقتىن چىقىپ، يارغول دۆڭىدە سەپكە تىزىلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى بارچۇق ئارت تېكىن. ئۆزى ۋەزىرگە سالام بەرمەي، لەشكەرلىرى ئالدىدا دۆڭگە چىقىپ، ئات ئۈستىدە مەغرۇر قاراپ تۇردى. قوشۇنلار تېز، جىددىي تۇردە سەپكە تىزىلدى. بارچۇق ئارت تېكىن بەشبالىقتىن كەلگەن يوچۇن لەشكەر بىلەن ھېچبىر كىشىنى تونۇشتۇرمىدى.

بويى كىچىك ئەمەلدار ئېتىنى بارچۇق لەشكەرلىرى ئالدىدىن ئۇياق بۇياققا ئازراق چېپىپ ئۆتۈپ، توختىدى:

ـ بۇ زات ئالىيلىرى ئىدىقۇت تەڭرىقۇت، ئىنئەل تۆمۈر سەلتەنەت تاجىنىڭ بىباھا گۆھىرى ـ يانغونتار تارقانى بولىدۇ. ئاۋۋال ئوردىدا يانغونتار بولغان! ـ دەپ ماختىدى ئۇ، تارقان ۋەزىر ئات ئۈستىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، گېدەيگەن ھالدا بارچۇقنى ھاقارەتلىدى.

ـ مەن ئالىي زات، تەڭرىقۇت ئىنئەل تۆمۈرنىڭ قۇتلۇق ۋە مۇقەددەس پەرمانى بىلەن چىقتىم. بارچۇق ئارت تېكىن ئالىي زاتنىڭ مۇبارەك كۆڭلىنى رەنجىتتى. بارچۇق ئوغلۇم ئەمەس، دېدى جاناپلىرى! بۇ قاراقچى، قىتان بىلەن قەدىمىي دوستلىقىمىزنى بۇزغان ساتقۇن. قىتان ھازىر غەزەپتە. بىزگە ئۇرۇش ئاچىمىز دەپ خەنجىرىنى بىلەپ، جەڭ ئاتلىرىنى مىنىشكە تەييار تۇرۇپتۇ. سىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار! مەن ھازىر بۇنى تۇتۇپ ئەكىتىمەن. بەشبالىقتا زىندان بېشى كۈتىۋاتىدۇ.ئىدىقۇت ئالىيلىرى، جانابىي نامىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. بىزگە جەڭچى ـ لەشكەر قوشۇنىنىڭ كېرىكى يوق. تارقىلىڭلار ھەر كىم ئۆز كەسپىنى قىلسۇن! ـ دېدى ۋە بەشبالىقتىن ئەكەلگەن لەشكەرلىرىگە: ـ بارچۇق ساتقۇننى تۇتۇڭلار، خائىننى تۇت! ـ دەپ بۇيرىدى. ئىككى لەشكەر كىشەن زەنجىرنى قولىغا ئېلىپ، بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئالدىغا ھۈرپىيىپ كەلدى.

ـ ئاتتىن ئۆزەڭ چۈشەمسەن ياكى بىز چۈشۈرىمىزمۇ؟ ـ دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى.

بارچۇق ئارت تېكىن ئەتەي ئاتتىن چۈشمىدى. تارقاننى يامان دېمىدى. ئازراق ئۈنچىقماي تۇردى ـ دە، ئۆزىنىڭ لەشكەر ـ قوشۇنلىرىغا قاراپ:

ـ ئىدىقۇت تەغدىرى مۇشۇلارنىڭ قولىدا. كۆچ ـ قۇۋۋىتىگە، قەيسەر باتۇرلۇقىغا، ھەقىقىي ئەلنىڭ ئوغۇللىرىغا باغلىق. ساغلا قوشۇن كېرەك بولمىشى مۇمكىن جانابىي.

لېكىن ئىنئەل تۆمۈرگە ھەم، ماڭا كېرەك. زىندانىدا ياتقان تورا قاياغا، بۇلاد قاياغا لازىم. ئاچ-يالىڭاچ يۈرگەن ئەلگە يېڭى ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا قوشۇن مۇھىم! ساڭا ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ئەمدى ئىدىقۇت قونچاق ئەمەس، بىزنىڭ سېپىمىز بولسا، دېھقانلار، چارۋىچىلار، سەنئەتكارلار، ھەيكەلتاراشلار، راھىپلار بىلەن كۈندىن-كۈنگە تولۇقلىنىۋاتىدۇ، كېڭىيىۋاتىدۇ، كۆپىيىۋاتىدۇ، مۇستەھكەملىنىۋاتىدۇ، ئىنتىزاملىق بولىۋاتىدۇ.

-كۆپ سۆزلىمە، ئەزمىگىن، سېسىما، چۈش ئاتتىن، -دېدى ھېلىقى ئىككىسى، شاھزادە ئاتتىن چۈشتى. ئالدىدا تۇرغان ئىككى لەشكەرنىڭ كانايلىرىدىن شاپلا قىلىپ تۇتۇپ، قاتتىق قىسىپ تۇردىدە بىر كەمدە قويىۋەتتى. ئۇلار بىھۇش بولۇپ، يەرگە دۈپلا قىلىپ چۈشتى. بارچۇق ئارت تېكىن ئاۋازلىق ئوقيانى تارقانغا قارىتىپ نىشانغا ئالدى. بىراق يەنە ھېچكىم ئوق ئۈزمىدى، ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

-ياراپسىلەر، يىگىتلەر! بۇنىڭغا ئىشەنسەڭلار خىلاپلىق ھەرىكەت قىلىدىغان بولساڭلار، سىلەرنى ھەم پارچىلايمىز! -دېدى چۆچۈتۈپ....-گەپ شۇ.

بىراق بۇ گەپتىن قوشۇنلار قورقمىدى. تارقانمۇ چۈشەنمەي قالغان سىرنى ئۆزلىرىدە ساقلىدى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ «قىل، ئەت» دېگىنىنى ھەر قاچانلا قىلمايۋاتقانلىقى ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سېلىپ قويغىنى يوق. ئەكسىچە ئۇلارغا چوڭ ئىشەنچ باغلاپ، ئۈمىد قىلىپ تۇردى.

بارچۇق ئارت تېكىن تارقاننى ئاۋازلىق ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. قالغانلىرى قورقۇپ ئات بېشىنى كەينىگە بۇرىدىدە قۇيرىقىنى خادا قىلدى. بىراق لەشكەرلەر:

باتۇر تەڭرىقۇت! بارچۇق ئارت تېكىنگە ئاپىرىن! - دەپ ۋارقىراپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈردى. نەچچە يۈز ئاۋاز تۇرپان شەھىرىدىن نېرى ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

بارچۇق بۇنىڭغىمۇ شۈكرى كەلتۈردى. ئەمما نېمىشكە ئۇلار «قىل، ئەت» دېگەننى قىلمايدۇ، دېگەن ئوي ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخى سىر ئىدى.

بارچۇق شەخسەن ئۆزى قۇرغان قوشۇنلارنىڭ چوڭ جاسارەت، قەھرىمانلىق، جەڭگىۋارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئاخىر بىر كۈنى نامايىش قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلاردا ھازىرغىچە ئۇنداق ھالەتنى سەركەردە بارچۇق ئارت تېكىن كۆرمىدى. شاھزادە ئەپچىللىك بىلەن ئېتىغا مىندى. ئۇ قوشۇنغا قاراپ:

-ۋەتەنداشلىرىم! مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم! -دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ: ئۇنىڭ ئاۋازىدا قورقۇنۇچ بايقالمايتتى. يەنە ئاۋۋالقىدەك ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتتى. بىراق چىرايى سوغۇق ۋە سۇرلۇك ئىدى. جانابىي ئىنئەل تۆمۈر «سەلتەنەت تاجىنىڭ بىباھا گۆھىرى بولغان تارقاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم. ئىدىقۇت ئاتام مېنى كەچۈرمەيدۇ، دارغا ئاسىدۇ، پۈتتى خالاس! بەلكى قىتانغا يەنە پالاۋېتەر. بەلكى، تېرەمنى شۇلۇپ، سامان تىقىپ، تۇلۇم قىلار! جازا كۆپ، مەن بىگۇنا. بىراق ۋەتەن ۋە ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەربىر جان، ھەر جايدا ھەر قاچان ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ھازىر بولمىقى لازىم. مەن سىلەردىن شۇنداق مەرتلىكنى كۈتىمەن. بۈگۈن مەن ئانا يۇرتۇم بەشبالىققا ئۆزەم تەنھا ئاتلىنىمەن. ئەمما سىلەر ھۇشيار بولۇڭلار! دوبۇلغا، ساۋۇت-ساداق، ئوقيا، نەيزە، قالقان-قىلىچ، ئاي-پالتىلار بىلەن يۈرۈڭلار! مۇبارەك ۋەتەنىنىڭ يېرىنى، ئۇيغۇر دۆلىتىنى ساقلاش مۇقەددەس ۋەزىپە، نان باشقىنىڭ گېلىدە، كىيىم باشقىنىڭ ئۈستىدە، بىز يالىڭاچ، ئاچ!

لەشكەرلەر جىم.

-ئەلۋىدا، ۋەتەنداشلىرىم! -بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزىگە قانچە سەۋر بەرسىمۇ، ئۇلاردىن ئايرىلىش، بەلكى مەڭگۈگە ئايرىلىش خەتىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سەزگەن.

-مېنى ئەگەشمەڭلار!

لەشكەرلەر ھاڭ-تاڭ بولۇپ، بىر-بىرىگە قاراشتى.

شاھزادە بارچۇق ئارت تېكىن ئاستىدىكى ئېتىنى بىر - ئىككى قېتىم قامچىلىۋەتتى.

ئەتىسى ئۇ پىر ئۇستازى ئاتاي سالى بىلەن خوشلاشتى.

-بېشىڭدا خەتەر بار. قانداق قۇتۇلىسەن، بىلمەيمەن. ئەمما چوڭقۇر ئويلان. خاتالاشما. ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈر ئاخماق بولغىنى بىلەن ئۆزىگە خاس قۇۋ ۋە مەككار ئادەم. دىلغا كەلگەن پىكرىنى تىل بىلەن ئېيتقاندا، ھەمىشەم ئېھتىيات قىلماق شەرت. زىنداندا ئۆلۈشكە قارشى ھەرىكەت قىل.... ئۆلسەڭمۇ خەلق ئالدىدا ئۆلگىن. خەلق سېنى، تونۇسۇن!

بۇددا خۇدالىرىمىز قوللىغاي سېنى.

بارچۇق ئارت تېكىن پىر ئۇستازلىرىنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى دىلىغا قوندۇردى. ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئىچكى ھېسلىرىنى باسالماي، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، خېلى ئۇزاق سۈكۈت ساقلىدى ۋە خوشلاشتى.

-ئەلۋىدا، پىر ئۇستازىم! سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى، مېھرىبانلىقىڭنى ئۇنۇتمايمەن.

-قوي ئەمدى، كۆپتۇرمە، ياخشىلىقنى سېنىڭدىن كۈتىمەن. بۇرھان بۇددىلىرىمىز، سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغاي، ھوشيار بول!...

بارچۇق ئارت تېكىن: - يە ئۆلۈم، يە كۆرۈم! - دەپ ئاق قاشقا دۇلدۇل تۇلپارىنىڭ بېشىنى بەشبالىققا بۇرىدى.

شاھزادە ئۇچقان ئوقتەك كۆزدىن غايىپ بولغاندا، ئاتاي سالى:

-سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمىز! - دەپ كەينىدىن قول شىلتىدى. - بىزمۇ بارىمىز!

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاتاي سالىمۇ بارچۇق ئارت تېكىن تەشكىللىگەن قوشۇنلارنى باشلاپ، بەشبالىققا قاراپ ئاتلانغانىدى.

* * * * * * * * * *

بارچۇق ئارت تېكىن بەش دەرۋازىلىق باشبالىق قورغانلىرىنى ئايلىنىپ يۈرمەدى. ئۆزىگە تونۇش پادىشاھ كىرىپ چىقىدىغان ئىچكى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، دەرۋازا كۈزەتچىلىرى قىلىچ-نەيزىلىرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ سورىدى.

-كىم سەن؟

بارچۇق چىرايىنى كۆرسەتتى.

-مەن بارچۇق ئارت تېكىن. شاھزادە! نېمىشكە تونۇماي قالدىڭلار! - ۋاقىرىدى ئۇ. ئاچ دەرۋازىنى!

-بارچۇق، بارچۇق ئارت تېكىن كەپتۇ! - قوللىرىدىكى نەيزە تۆۋەن چۈشتى.

-سىلىنى ئۆلدى دەپ شۇم خەۋەر ئەكەلگەنىدۇ، چاپارمەن، زات ئالىيلىرىنىڭ تارقانى سىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دەپ ھەممەيلەن ئاڭلىدىققۇ؟!

-ئۆلسەم تىرىلدىم!-دەپ كۈلدى ئۇ. - پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىشىم كېرەك.

-بىزدە ئۇنداق كىرگۈزۈش ھوقۇقى يوق. دەرۋازا، سېپىل، قورغان بېگىنى چاقىراي.

باش كۈزەتچى دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ، ئىچىگە كىردى-دە بىر ئازدىن كېيىن دەرۋازا بېگىنى باشلاپ چىقتى. كۈزەتچىلەر ئۈنچىقماي تۇردى. دەرۋازا بېگى ئېگىز ۋە قاتاڭغۇر بېشىنى سىرىپ چۈشۈرگەن ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈزىدىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن ئەزايى بەدىنىدە بىر قوشۇقچە قان يوقتەك،

بەئەينى قۇرۇق سۆگەكتەك ئاقارغان، سوغۇق ۋە سۇرلۇك ئادەم ئىكەن.

بارچۇقنىڭ قولىنى شاپپۇر-شۇپپۇر تۇتماقچى بولدى، لېكىن شاھزادە چاپسانلىق بىلەن ئۇنىڭ سوغۇق ۋە قاتتىق قولىنى قېقىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن پۇتلىرى بەدىنى بىلەن تەڭلا ئىتتىك پىقىرىشىغا، بارچۇق جىددىي ھەرىكەت قىلىپ پۇتى بىلەن زەربە بەردى. دەرۋازا بېگى ئەمدى قىلىچىنى يېنىدىن سۇغۇرىۋالدى. ئالماس قىلىچ تۇتقان قولىنىڭ جەينىكىگە بارچۇق تېزلىكتە يەنە قاتتىق تەپتى، زىڭىلدىغان جەينەك تىترەپ كەتتى. پىلىكتەك يۇمشاپ قۇۋۋەتتىن ئايرىلغان ئالقان ۋە بارماقلاردىن ئالماس قىلىچ يىلاندەك تولغىنىپ يەرگە چۈشتى ۋە تاشتەك خىش ئۈستىدە جاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن كۆكىرىپ ياتاتتى.

- بەس! -دېدى بارچۇق ئارت تېكىن ھۇرپىيىپ كېلىۋاتقان دەرۋازا بېگىگە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ، -مەن سېنىڭ بىلەن چامباشچىلىق، قىلىچۋازلىق قىلغىلى كەلمىدىم، جانابىي ئالىي زات، ئىدىقۇت ئاتام ئىنئەل تۆمۈرنىڭ قېشىغا كەلدىم. تىڭشىمايدىكەنسەن مېگەڭنى ئۈزۈپ چاقىمەن، بار ئېيت، كىرىشكە ئىجازەت قىلغاي!

ھەققەتەن دەرۋازا بېگى بارچۇق ئارت تېكىندىن چۆچىدى.

-ھازىر، شاھزادەم! ھازىر! -ئۇنىڭ نەپسى ئىچىگە چۈشۈپ كۆزلىرى ئالايدى، كەينىگە داجىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. دەرۋازا بېگى پۈتۈن ۋاقىئەنى ئىدىقۇت ئىنئەل تۆمۈرگە ئېيتىپ بەردى. ئىنئەل تۆمۈر چوغ دەسسىۋالغاندەك ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، بىر نېمە دېمەكچى بولدى-يۇ، ئەمما يۈرىكىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ، نەپسى سىقىلىپ لاسسىدە ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن يۈزىگە قان مېڭىپ، نەپسى بوشاپ، دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى.

-كىرسۇن، ئۇ-ئەبلەخ! نېمە قاراپ ئولتۇرىسەن!؟

-خوپ تەقسىر! - دەرۋازا بېگى قول قوشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

«چاپارمەن يالغانچى ئىكەن! - دەپ ئويلىدى غەزەبكە كېلىپ، -تېپىپ ئېسىپ قويۇش لازىم! ھە، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش لازىم»، - دەپ ئىچ-ئىچىدىن دەر غەزەپ بولدى ئىنئەل تۆمۈر ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا.

بارچۇق ئارت تېكىن كىرىپ، ئاتا ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇردى.ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئىنئەل تۆمۈر بېشىنى ئاستا ئۇغلىغا بۇرىدى. دەل مۇشۇ دەقىقىدە، بارچۇق ئارت تېكىن ئاتىسىغا سېغىنىشلىق ھېسسىياتىدا قاراپ تەلمۈردى.

-سېغىندىم سىزنى ئاتا! -دەپ ئاستا ئىللىق ئاۋازدا پىچىرلىدى.

-بەس! - ئىدىقۇتنىڭ كۆزلىرى ئوقتەك قادالدى. مەن سېنىڭ ئاتاڭ ئەمەس!

ئۇ گەپنى ئۈزۈپ ئېيتىۋەتتى.

بارچۇق ئارت تېكىن ئاتىسىدىن مېھرىبانلىقنى، مەخپىيەتنى، شەپقەتنى كۈتمىگەن، ئەكسىچە جازا ھۆكۈمىنى كۈتكەن. ئۇنىڭ ئويلىرى ئايدىڭلاشتى. قانداقلا بولمىسۇن، بارچۇق ئارت تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن كەچمىدى ۋە ئەبەدىل ئەبەد كەچمەيدۇ. بىراق بارچۇق ئارت تېكىن ئىچىدىكى دەرت-ئەلەمنى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ تۇتقان يولى خەلقنى ئېغىر گىرداپقا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىشقا كۆچىنى يىغدى.

-مېنىڭ گېپىمنى يىرما ئاتا! ئاخىرقى دىدارلىششىم، ئاخىرقى سۆزۈم.... مەن ئۆزەمنى شىر دەپ ھېس قىلىمەن. سېنىڭ ئويۇڭچە بوينۇمدا زەنجىر تۇرىدۇ. ئەمما

يۇرىكىم ئەسلا بوي سۇنماس. بۇ ئاددىي ھەقىقەت، ھەر ئادەمنىڭ سېغىنىدىغان مۇقەددەس دەرىخى بولىدىكەن، سېنىڭ قارىياغاچ، رەمىتى ئانامنىڭ -ياڭاق دەرىخى، ...ھە مېنىڭ دەرىخىم- خەلق. شۇنىڭغا سېغىنىمەن... كۆڭلۈم ئىنتىقام ۋە ئاداۋەت ساقلاشقا مايىل ئەمەس. سېنىڭ بىلەن دۆلەت داۋاسى قىلىشنى ئۆز قەدرىم ئۈچۈن نۇقسان دەپ بىلۇرمەن. سەن مېنى كەچۈرمەيسەن، بىلىمەن. خەلق سېنىڭدىن نىمىنى كۈتكەن؟ بىلەمسەن؟ بىلمەيمەن. خاتالىقلار نۇقسانلارنى تۈزىتەلمىسەڭ يۇرت سېنى ئەسلا كەچۈرمەس. سەن ئىدىقۇتنىڭ پالاكەت رەھبىرى بولۇپ قالغانلىقىڭنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپسەن. دۆلەت بېشىدا قۇرۇت مېگە ئەمەلدارلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ.

-مېنىڭ بىباھا گۆھىرىم تارقاننى كۆردۈڭمۇ؟ - دېدى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ گەپلىرىگە ھېچ قۇلاق سالماي ئۇلتۇرغان ئىنئەل تۆمۈر.

- كۆردۈم. «تارقان گۆھەرنى مەن ئۆلتۈردۈم».

ئىنئەل تۆمۈر ئىشەنمىگەندەك كۈلۈپ كەتتى.

-ھا!-ھا! ئۇ يولۋاز تۇرسا... ئۆلتۈرگەنمىش، ھېچ بىر گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن. ھەممىسى يالغان. ھەممىسى لاپ! لاپ! لاپ! پەقەت قىتاندىن قاچقىنىڭ راست، قان تۆكۈلدىغىنى راست.

بارچۇق ئارت تېكىن سەۋرلىك بىلەن :

ئىنسان ئۈچۈن تاج كەيمەك شەرت ئەمەس، بەلكى نومۇس ۋە ۋىجدان ساھىبى بولماق، جەمئىيەت ئالدىدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى سېزىش شەرت. ھە، سەن ئۇنى سەزمەي كېلىۋاتىسەن. مەن گۆرۈ بالىسى. بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ھاقارەت! قاچقىنىم راست. ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ قوشۇن مەۋجۇت. قىتان ئەمدى ئىدىقۇتنىڭ دۈشمىنى، سەن ئەمدى قىتان بىلەن يەكمۇ-يەك جەڭ قىلىسەن... ئەمدى چاقىر! جازالىغۇچىنى چاقىر!

ئىنئەل تۆمۈر ئۈن چىقماي ئۈنىڭغا قارىدى-دە، زىندان بېشىنى چاقىردى. ئۇ دەرھال ئالچاڭلاپ كىردى. قازاندەك قۇرسىقىغا ئىككى قولىنى قويۇپ، پەرمان كۈتتى.

-بارچۇقنىڭ پۇت-قولىنى باغلا! زىندانغا ئاپىرىپ تاشلا! ئەتە ئەل ئالدىدا دارغا ئېسىلسۇن! ئۆزەم قاتنىشىمەن، مەنىسىز ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار!

-خوپ تەقسىر پەرمانلىرىنى بېجىرىمەن!

- دېدى زىندان بېگى قول قوشتۇرۇپ.

-ماڭ ئالدىمغا چۈش! - دەپ بارچۇقنىڭ كەينىگە ئۆتتى ۋە زىندان بېگى ئۇنى دۈشكەللىدى.

-ئاتا! جېنىم ئاتا! - دەپ بارچۇق ئارت تېكىن چىقىپ كېتىۋېتىپ توختىدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ پەرمانىغا رازى بولدى.

ئاتاي سالىنىڭ ئوي -پىكرى بىلەن بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوي-پىكرى ئوخشاش بولدى. «خەپ مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى، ئاتاي سالى، پىر ئۇستازىم كۆرمەيدىغان بولدى-دە، لەشكەرلىرىم كۆرسىدى» دەپ ئېغىر كىچىك تىندى. -خەلق ئالدىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالسام بولغىنى...»

ئىنئەل تۆمۈر ئالتۇن كەمەرگە بىر قولىنى تىرىگەن ھالدا ئېزىلگەن، پارچىلانغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى قاياققا يوشۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. بارغانسېرى ئېغىرلاشقان، چوڭقۇرلاشقان سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. بۇ سۈكۈنات گويا ھەقىقەتنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تەستىقلىغاندەك مەنانى بېرەتتى.

باشبالىق بۇگۇن سۈرلۈك. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ پۇت - قولى كىشەنلىنىپتۇ. ئۇنى دار ئالدىغا ئېككى جاللات ھايداپ ئەكەلدى. بارچۇق ئارت تېكىننى كۆرۈش ئۈچۈن باشبالىق كوچىلىرىدا، شەھەر قورغانلىرى ئۈستىدە ئىنسان دولقۇنى تەۋرىگەن ئىدى. مانا جازالاش ۋاقتىمۇ كەلدى. ئىنئەل تۆمۈر خەلق ئالدىغا چىقتى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ كۆزى قارا بولۇتتەك كېلىۋاتقان لەشكەر قوشۇنىغا چۈشتى. ئۆلمەن دەپ يىغلىمىدى، ئەكسىچە خوشاللىقتىن كۆزىگە ياش ئالدى. لەشكەر ئالدىدا ئاتاي سالى كېلىۋاتاتتى. ئۇلار دار ئالدىنى قورشاپ تۇردى. لەشكەرلەرنىڭ ساۋۇت، نەيزە - قالقان، ئاي پالتىلىرى قۇياش بىلەن باشبالىق ھاۋاسىدا پارلايتتى. جەڭ ئاتلىرى سەۋرسىزلەنگەندەك باشلىرىنى سىلكىپ، كىشنىشىپ بىر يەردە تۇرالماي تىپىرلاشماقتا. بۇ قوشۇن بارچۇق ئارت تېكىنگە ياخشى تونۇش.

ھە، بۇ قوشۇن بارچۇق ئارت تېكىن تۇرپاندا تەشكىللىگەن قوشۇنىدى. بۇلار نېمىشكە بۇ يەردە؟ بۇ ۋەقە ئىنئەل تۆمۈرنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. بىراق ئۇلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى دارغا ئېسىشتىن كېيىن ئېنىقلاشنى ماقۇل كۆردى. ئىنئەل تۆمۈر باشتا دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. زىندان بېشى پەرمان ئوقىدى:

ھەممە ياقتا سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. ھەممىنىڭ كۆزى بارچۇق ئارت تېكىندە، ئۇنىڭ پۇت - قولىدىكى كىشەن - زەنجىرنى ئېككى قاتىل يەشتى، بوينىغا سىرتماق سالدى ۋە بېشىنى قارا خالتا بىلەن يېپىپ قويدى. بارچۇق ئارت تېكىن تۇيۇقسىزدىنلا ۋارقىرىۋەتتى.

- قولۇمدا ئاۋازلىق ئوقيارىم يوق! بولسا بېرىڭلارچۇ؟ ئۆزەمنى ئۆزەم نىشانغا ئالاتتىم! ھە، مانا ئۆزەمنى نىشانغا ئالدىم! ئاتساڭلارچۇ مېنى! - دېدى جەڭچى لەشكەرلىرىگە خىتاپ قىلىپ.

جەڭچى لەشكەرلەر بۇ قېتىممۇ بارچۇق ئارت تېكىننىڭ بۇيرۇقىنى تىڭشىمىدى. شۇڭا بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرەلمىدى. ئەكسىچە ئۇلار ئىنئەل تۆمۈرنى نەچچە يۈز ئاۋازلىق ئوقيا بىلەن نىشانغا ئالغانىدى.

- باتۇر تەڭرىقۇت! بارچۇق ئارت تېكىن ! ئىدىقۇت بارچۇق! - دەپ ۋارقىرىدى لەشكەرلەر.

